

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

6

1988

XINJIANG CIVILIZATION



ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتى ۋەكىللىرىدىن - شائىر قۇتلۇق شەۋقىي (1876 — 1938)
سۈرەتنى شېرىپ خۇشتار ئەۋەتكەن

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

37 - يىل نەشرى

1988 - يىل 6 - سان (ئومۇمىي 175 - سان)

## بۇ ساندا

### ئەدەبىيات گۈلزارى

مۇناپىقنىڭ ئۆلۈمى ........... (پوۋېست) .......... مۇھەممەت ئېلى زۇنۇن 8

جامە ئالدىدا ............ (ھېكايە) ............ بىلقىز سادىق 2

پاكلىنىش .................. (« ») ............... قاھار جېلىل 62

ئەلۋىدا، ئالدامچى ھەۋەس ........ (شېئىر) ............. مۇھەممەت خېۋىر 7

ئاقسۇ رىۋايىتى ............ (« ») .............. مامۇت زايىت 51

### تارىختىن سۆز

كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئۇچۇرلىرى ........................ نىزامىدىن ھۈسەيىن 52

### سەنئەت ماتېرىياللىرى

ناخشا تېكىستلىرى ............................ ئۆمەر ئىمىن 80

ئابلەت ئابدۇللا، تۇرغان شاۋۇدۇن، ساتتار توختى، ھېيتەم ھۈسەيىن

مۇقاۋىدا: تالانتلىق مۇزىكا ئەربابى، كومپوزىتور، مەرھۇم سەمەت ئابدۇللا (1916 — 1977)، ئىمىنجان سىزغان، ھىسامىدىن ھاجى فوتوسى

مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدە: ناخشا - ئۇسسۇل ماكانىدا (ماي بوياق)، پەرھات ئىبراھىم سىزغان

رەسسام ۋە خەتتات: ئابلىمىت ئابلىز، ئىسمائىل ئىبراھىم (تەكلىپ قىلىنغان)

بۇ ساننىڭ جاۋابكار مۇھەررىرى ۋە تېخرېداكتورى: قۇربان مامۇت



# جامە ئالدىدا



(ھېكايە)

بىلقىز سادىق

ئايرىلغىلى خېلى يىللار بولغان يۇرتۇم
قەشقەرگە خىزمەت بىلەن كەلگەنىدىم. مەن
قولۇمدىكى دېلوغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم بىر
مەسىلىنى «ئۇستەڭبويى» تەرەپتىكى ئالاقىـ
دار ئورۇندىن تەكشۈرۈپ بولۇپ، «يارباغ
دەرۋازىسى» دىكى ئۆزۈم چۈشكەن مېھمانخاـ
نىغا كېتىۋاتاتتىم. ھەيۋەتلىك ھېيتگاھ جاـ
مەسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگىنىمدە
قەلبىمدە ئىختىيارسىز ئۇنىڭ ئىچىگە بىر
كىرىپ چىقىش ئىستىكى قوزغالدى. قەدىمىـ
نى ئەمدىلا پەلەمپەيگە قويۇشۇمغا، بىرسىـ
نىڭ:

— خانىم، كەينىڭلەردىكە يانچىلىرى بولارـ
مىكىن . . . — دېگەن بۇيرۇق ۋە تەنە
ئارىلاش بوغۇق ئاۋازى بىلەن تەڭ «دىك»
چۆچۈپ كەتتىم. بېشىمنى كۆتۈرسەم، ئالـ
دىمدا ياشقىنا بىر كىشى يان ئىشىكتە غىپـ
ردىچە يۆلەنگىنىچە، ماڭىلا تىكىلىپ مەسخىـ
رە ئارىلاش ئاچچىق كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ،
شاپاق دوپپىسىنىڭ ئۇستىگە كىرلىشىپ كەتـ
كەن ئاق رەختتىن سەللە ئورىۋالغان

بولۇپ، ئالدى ئوچۇق خەسە يەكتەكلىكى ئىچىدىن بوللۇق ماتروس مايكىسى، مايكا ئاستىدا بۈركۈت رەسىمى چۈشۈرۈلگەن يوغان مەس توقلىق خورۇم كەمىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەن بۇ كىشىگە سەل ئەجەبلىنىپ، «بەلكى مېنى دېمىگەندۇ - ھە؟» دەپ ئويلىدىم - يۇ، شۇنداقتىمۇ ئېھتىيات بىلەن كەينىمگە باقتىم.

— سىلىنى دەۋاتىمەن ھوي سەتەڭخېنىم، بۇ جاي سىلىدەك يۈزى ئوچۇق نامەھرەملەرنىڭ بىتەرەت ھالدا خالىغانچە قەدەم باسىدىغان تانسا زالى ئەمەس، — دېدى ئۇ ئالىيىپ.

«ھە . . . مېنى دەۋېتىپتىكەنتۇ - دە» دېگىنىمچە ئىختىيارسىز قەدىمىمنى توختاتتىم. ئاندىن ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇدۇللا قاراپ:

— ئۇكام، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ ھېيتگاھقا كىرىشكە بولمامدۇ؟ ياكى بۇ يەرگە كىرىشنىڭ باشقىچە رەسمىيىتى بارمۇ؟ — سىلىقلىنا سورىدىم ئۇنىڭ مېنى توسۇش مەقسىتىنى ھېچ چۈشىنەلمەي. بىز تۇرۇۋاتقان شەھەردىكى ئاممىۋى باغچىلارغا كىرمەكچى بولساق ئاۋۋال بەش پۇڭلۇق بىلەت سېتىۋالاتتۇق. بۇنىڭمۇ بىر رەسمىيىتى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم مەن.

— رەسمىيەت - پەسمىيەت دېگەن نېمە ئۇ؟ قانداق تېجىمەل خوتۇن، بۇ. بېشىڭىزغا رومال ئارتىپ، يۈزىڭىزنى رەسمىي يېپىپ، ھەقىقىي مۇسۇلمانغا ئوخشاش كەلمەمسىز بۇ يەرگە، — دېدى ئۇ توڭلۇق بىلەن.

ئەمما، مەن مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئۇكام، قارىڭا، ئاۋۇ كىرىپ كېتىۋاتقانلارغا، ئۇلارنىڭ بېشىدا رومال تۇگۇل كىچىككىنە ياغلىقمۇ يوققۇ؟ — دېدىم ئىككىمىز سۆزلىشىۋاتقان ئەسنادا ئالدىمىزدىن دىدىل ئۆتۈپ كېتىپ، چوڭ دەرۋازا ئارقىلىق ئاللىقاچان جامە ئىچىگە كىرىپ بولغان تۆت - بەش ئەر - ئايال چەتئەللىكنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

ئۇلار ساياھەتچىلەر ياكى سودىگەرلەر بولسا كېرەك، مۈرىلىرىگە كۆپ يانچۇقلۇق سەپەر سومكىلىرىنى ئارتىۋالغان، ئەرلىرىمۇ، ئاياللىرىمۇ ئوخشاشلا كالتە شىم، يەڭسىز مايكا، پايپاقسىزلا ساپما كەش كىيگەن، يالىڭباش كىشىلەر ئىدى.

— ھە . . . ئۇ . . . ئۇلار . . . ، — دېگىنىمچە دەماللىققا باشقا گەپ تاپالماي سەل كېكەچلەپ قالدى. «ھە، بۇ «خالىس پوست»مەن بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ كىرىپ كەتكىنىنى كۆرمەي قاپتىمەن - دە، ئاپلا، ئىچىم تارلىق قىلغاندەك بىر ئىش قىلىپ قويدۇممۇ، نېمە؟ بۇ داڭدار جاينى شۇلار بولسىمۇ كۆرۈۋالسا ياخشى ئەمەسمىدى. ۋاي ئىسىت، ئەندى ئۇلارنىمۇ چاقىرىۋالارمۇ؟» دېگەن ۋەسۋەسە ئىلكىدە خىيال قىلىپ تۇرۇشۇمغا، سەل مۈكچەيگەن، سىماۋىرەڭ يوللۇق رەختتىن ئۇزۇن تون كىيگەن، بېشىغا قازاندەك يوغان سەللە ئورىۋالغان، بومبا ساقال بىر ئادەم جامە ئىچىدىن چىقىپ كەلدى. ئېھتىمال ئۇ باياتىن بېرى بولۇنغان پاراڭلارنىڭ ھەممىسىنى تىڭشاپ تۇرغان بولسا كېرەك، قوتاز قۇيرۇقىدەك پارقىراپ تۇرغان قوڭۇر ساقىلىنى تىترىتىپ تۇرۇپ ماڭا بىر تىكىلدى - دە:

— ئۇلار دېگەن كاپىرلار، — دېدى ئۇ نەگىدۇر قاراپ، — بىر مۇسۇلماننىڭ پۇشتى ئۆزىنىڭ ھالال تەقى - تۇرقىنى كاپىرلارنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرسا، ئۇ ئىمانسىز، — دېدى ماڭا «يالت» قىلىپ بىر قاراپ قويۇپ، —

ئاللاھ ئىگەم ئالدىدا ئەڭ چوڭ گۇناھ ئۆتـ
كۈزگەن بولىدۇ. بولۇپمۇ ئاللاھىنىڭ نەزەـ
رىدىكە يېقىن مۇنداق ئۇلۇغ، مۇقەددەس جايـ
غا دەسسەپ تۇرۇپ، ئەھلى مۇسۇلمان ئاياـ
لىرىنىڭ شەرمى ـ ھايا، ئەدەب ـ دىيانەت
سىمۋولى بولغان رومال ـ چۈمبەل تارتىشنى
جاھىللىق قىلغانلارنى خەلقى ئالەمگە كۆرـ
مەيدۇ. جامائەتنىڭ سەممىدە باركى، — دەپ
سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ، دەرۋازا ئالدىغا
بىر دەمدىلا ئولىشىپ قالغان ئۆتكۈنچىلەر
توپىغا نەزەرىنى يۆتكەپ، — پەلەكنىڭ چاـ
قى تەتۈر چۆرگىلەپ، تەقدىرنىڭ كـۆزى قاـ
رىغۇ بولۇپ قالغان ھېلىقى چاغلاردا قىزىل
يەڭلىك ئىمانسىزلار كونىنى بـۇزدۇق دەپ،
ھەدېسىلا سەللەـ پەرىجە، چۈمبەللەرنى يىرـ
تىپ تاشلاپ، مەسچىتلەرنى بۇزۇپ ـ چېقىپ،
قۇرئانى، ھەـدىسلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىشىدى،
شۇنچە يىللار كۆرگەن كۈنىمىز نېمە بولدى؟ ئاھ
ئۇلۇغ خۇداۋەنـدە كېرەم، نائىلاج بەنـدىلىـ
رىڭنىڭ كۆزىـگە ئۇ مۇشكۇل كۈنلەرنى ئىمكـ
كىنىچى رەت كۆرسەتمىگەيسەن، — ئۇ سۆزلەـ
ۋېتىپ قوپال بارماقلىرىدىكى ئالتۇن ئۈزۈكـ
لەر سوغۇق يالتىراپ تۇرغان يۇگۈلۈق يوغان
قوللىرىنى كۆككە ئېگىز كۆتۈرۈپ، نېمىلەرـ
نىدۇر پىچىرلىغىنىچە يۈزىگە سىـيپىدى، —
شۇنىمۇ ئۇنتۇمايمىزكى، — دېدى ئۇ شۇ چاغ
مەن تەرەپكە «يالت» قىلىپ يەنە بـىر قاـ
راپ، — پەقەت مۇشۇ سەككىز ـ توققۇز يىل ماـ
بەينىدىلا خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن نۇسرەت
يولى قايتىدىن ئېچىلىپ، سۇسلاپ كـەتكەن
دىنىمىز كۈچىيىشكە، ئېزىپ كەتكەن ئىمانىـ
مىز ساپلىشىشقا باشلىدى. خاتۇن خـەقلەر
ئىنساب ـ تەۋپىققە كېلىپ، ئۆزلىرىنى نامەھـ
رەمدىن، ياخشى ـ ياماننىڭ كـۆزلىرىدىن،
ئەگرى ـ تۇيۇق يوللاردىن قاچۇرۇپ، چۈمپەرـ
دىلىرىگە قايتىدىن ئورالدى. مانا شـۇنىڭ
خاسىيىتىدىنلا ھالا بۈگۈنكى كـۈندە يـۇرتىـ
مىز بەرىكەت تېپىپ، داستىخانلىرىمىز نېمەتـ
كە تولدى، ھەممىنىڭ قورسىقى راۋرۇس توـ
يۇپ، چىرايلىرىغا نۇر يۈگۈردى ... — ئۇ، بۇ
سۆزلەرنى دەۋاتقىنىدا شـۇنچىلىك كـۆچەپ
كەتتىكى، كېكىرتىكىدىكى تېشىغا تېپىپ تۇرـ
غان بوغدىيىكى دەم يۇقىرىغا، دەم تۆۋەنـگە
ھەرىكەتلىنىپ، پىستە كۆزلىرى تېخىمۇ قىسىـ
لىپ كېتىۋاتاتتى. لېكىن ئۇنىڭ ۋەزى بـولـ
سا توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۆزىـچە
بۇ دەبدەبىلىك نۇتقىدىن پەخىرلـەنگەنـدەك
ئولاشقانلارنىڭ كۆزىگە بىرمـۇبىر قـادىلىپ
چىقاتتى. بۇ چاغدا ئولارنىڭ بەزىلىرى تەنـ
مىكىن، راستىمكىن ئەيتاۋۇر، ئاۋازلـىرىنى
غەيرىيلا بىر خىل سوزۇپ چىقىرىپ: «ھەق ـ
راست، ھەق ـ راست، داموللام توغرا ئېيتتىـ
دۇ» دەپ ئۈنلۈك ئىگراپ قويۇشاتتى. لېكىن،
يەنە بەزىلىرى قانداقتۇر خەيرىخاھلىق نەـ
زەرى بىلەن ماڭا قارىشىپ بىر ـ بىرلىرىگە
نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىشاتتى، غۇلغۇلا قىلىـ
شاتتى، توپ ئىچىدىن بىر ـ بىرلەپ نېرى
بولۇشاتتى. ئولاشقانلار ئىچىدە گىجىمرومال،
توز رومال، ھەتتا ئاق يىپەك رەختلەردىن
ئالاھىدە تىكىلگەن ئاق پەرىجىلەرنى ئارتىـ
شىۋالغان ئايالارمۇ بار ئىدى. مەن بۇ تاـ
رىخىي جامەنى كۆرۈش ئۈمىدىدىم ۋاقىتىنچە
ئۈزۈلگەن ھالدا قېتىپلا قالغانىدىم. لېكىن
قەلبىمدە بولسا: «ھەي، روشەن سەنىمۇ سۆزلە!
ھەقىقىي ئىسلام ئەھكاملىرىدىن تامامەن قاـ
را ساۋات، مۇنداق يوغان سەللىلىكلەر تەـ
رىپىدىن خالىغانچە بۇرمىلىنىپ كېتىۋاتقان
ھەقىقىي مۇسۇلمانچىلىقنىڭ چىن ئۆلچىمى
ھەققىدە، ھازىرقى دۇنيانىڭ ئۇيغۇر ئايالـ
لىرىغا قويۇۋاتقان تەلەپلىرى ھەققىدە لىللا

گەپ قىل، ياخشى چۈشەندۈر، بولۇپمۇ زامانىمىزنىڭ بۇ غەنىمەت پۇرسەتلىرىدە ئۆز ئانا تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىنغان «قۇرئان كەرىم»دىكى ئىنسانىي مۇناسىۋەت، ئەخلاقىي پەزىلەت، ئىلىم - مەرىپەت ئەھكاملىرىغا ئائىت توغرا تەلىماتلاردىن ئەينەن نەقىل كەلتۈر. ئەگەر كەسپىي ئەخلاق مىزانىنىڭ يول قويغىنىدا، ئۇزاق مۇساپىنى بېسىپ بۇ شەھەرگە كېلىپ، مەخسۇس ئېنىقلاۋاتقان قولۇڭدىكى دېلودا، ئۈستىگە نېپىز بىر قەۋەت قوي مېيى ئۇيۇتۇلۇپ، ئاستىغا يەتتە كىلو نەشە قاچىلانغان كۆك سىرلىق كورا دەل مۇشۇ جامەگە يېقىن بىر كوچىدىكى قايماق بازىرىدا ئۆزىنىڭ گۇناھكار تۇرقىنى ئاق پەرەنجە - چۈمبەل بىلەن نىقابلىۋالغان بىر ئايالنىڭ قولىدىن سېتىۋېلىنغانلىقىنى پاش قىل! جامائەتكە ياي! ئەگەر رومال - چۈمبەل راستىنلا ئەھلى مۇسۇلمان ئاياللىرىنىڭ شەرمى - ھايا، ئەدەب - دىيانەت سىمۋولى دېيىلىدىغان بولسا، ئىسلامىيەتنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسى مۇبارەكتە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن «قەبىھ گۇناھ» دەپ قەيت قىلىنغان، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ «جىنايى ئىشلار قانۇنى»دىمۇ «جىنايەت» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن بۇ «ھارام»نى پەقەت ئاشۇ نىقابنىڭ ۋاستىسى بىلەنلا قولدىن - قولغا ئۆتكۈزۈپ يۈرگەنلىكىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ بىر پارچە لاتىنىڭ بىر ئايالنىڭ ھايا - نومۇسلۇق ۋە ئەدەب - دىيانەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلىشى زادى مۇمكىنمۇ؟ «ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا.» جېمىكى مەخلۇقاتلار ئىچىدە پەزىلەتكە ئىگە بولغان بۇ ئادەمىزاتنىڭ خۇي - پەيلى، ئەدەب - ئەخلاقى، دىنىي ئېتىقادىنى ئەرزىمەس بىرلا تال بىلەنلا بىلگىلى، چۈشەنگىلى، ئۆلچىگىلى بولسا؟ بۇ تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق مەنتىقنى ئۇلارغا چۈشەندۈر، ماھىيىتىنى يەش!» دېگەن سادالار شاۋقۇن سالاتتى. ئەپسۇسكى بۇ سورۇن، بۇ پەيتتە ئۇنداق قىلىشىمنىڭ تولىمۇ پايدىسىز بولىدىغىنىنى سېزىپ تۇرغىنىم ئۈچۈنمىكىن، يۈرىكىم ئوتتا كۆيگەندەك پۇچۇلانماقتا ئىدى. «ئاھ، دۇنيادا ھەقىقەتنى چۈشىنىپ تۇرۇپ، ھەقنى سۆزلىيەلمەسلىكتىن ئارتۇق ئازابلىنىش بارمىدۇ كىشىگە؟» دەپ ئىدا قىلغىنىمچە توپ ئىچىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقتىم. شۇ ھامان ھېلىقى «خالىس پوست»نىڭ:

— ھە، بۇخانىممۇ ھەقايىدىقىم بولسا ئاخىرى ئىمانغا كەلدى. قايىلاپ تۇرۇڭلار، ئۇ ھازىر ئۇدۇل رەستىگە بېرىپ، چوقۇم بىر رومال سېتىۋالىدىغان بولىدۇ، جۇمۇ، — دېگەن بوغۇق ئاۋازىغا قوشۇلۇپ، يەنە نەچچىسىنىڭ قىزغۇل-تاغۇل قىھ - قىھلاپ مەسخىرىلىك كۈلۈشلىرى ئارقامدىن خېلى يەرگىچە ئاڭلىنىپ تۇردى. شۇ تاپتا ئۈستى-ئۈستىگە قىلىنىۋاتقان بۇ خىل مۇئامىلىلەر ماڭا شۇ قەدەر قاتتىق ئەلەم قىلدىكى، گەرچە ھازىر ئۆز يۇرتۇم تۇپرىقىدا دەسسەپ تۇرغان بولساممۇ، ئەمما قەلبىمدە بەكمۇ ياتسىرىدىم. خۇددى بۇلۇت - تۇمانلار ئۈستىدىن ئاستا - ئاستا يەرگە لەيلەپ چۈشكەندەك بىر خىل غەشلىك ئىلكىدە كېتىۋاتىمەن. «نېمە؟ ئۇدۇل رەستىگە بېرىپ چوقۇم رومال سېتىۋالىمەن؟! مەن؟ مەنمۇ؟!» ھەسسىلەپ ئارتۇق مەسخىرە بىلەن سوزايتتىم، خىيالىمدا شۇ نادان «پوست»تىن: «ياق! ياق! سىز خاتالاشتىڭىز، مەڭگۈ خاتالاشتىڭىز. چۈنكى مەن 21-ئەسىردە — ئاتوم - ئېلېكترون دەۋرىدە ياشاۋاتقان

بىر مىللەتنىڭ ئىلىم سۆيەر قىزىدەمەن. مەن ئەمەس، مېنىڭ ئاپاممۇ بىزار بولغان ئۇ نادانلىق نىقابىنى مەن قايتىدىن سېتىۋېلىش تۈگۈل، ئۈستىدىن مېنىڭ تىلىلا قوشۇپ بەرسىڭىزمۇ قولۇمغا ئالمايمەن، يۈزۈمگە سالمايمەن . . .» دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە خىتاب قىلغاچ كېتىۋاتىمەن.

لېكىن، قۇلاق تۈۋىمدە ھېلىقى داموللامنىڭ سۈرلۈك سۆۋلەتتە غادىيىپ تۇرۇپ قىلىۋاتقان غەلىتە سۆزلىرى تېخىچە غۇڭۇلدايتتى. كۆز ئالدىمدىن شۇ توپ ئىچىدىكى ۋە مەن يۇرتۇمغا كەلگەندىن بېرى دوقمۇش - دوقمۇشتا ئۇچرىتىپ تۇرۇۋاتقان چۈمبەللىك خوتۇن - قىزلار بىر - بىرلەپ ئۆتۈشمەكتە ئىدى. مەن ئەسلىدىم: زىيالىيلار ۋە ئىدارە - جەمئىيەتلەردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر . . . ئارىسىدا بۇ ھال يوق ئىدى. شۇڭا خىيالىمدىن: «دىنىي خۇراپاتلىق پەقەت نادانلارنىلا ئەسىر قىلالايدىكەن، نادانلارنىلا، نادانلارنىلا» دېگەن پىكىرلەر كېچىپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدىم - دە، ئېچىنىش ئىلكىدە ئۈنسىز نىدا قىلدىم: جاھالەتنىڭ جەبىرسى، خۇراپاتنىڭ خورەكلىرىدىن تېخىچە غاپىللىقتا قالغان ئەي جىنسداشلىرىم! ئۆز قەدرى - قىممىتىڭنى، ئادەمى ئىززىتىڭنى، ئايىلىق ئېتىبارىڭنى تولۇق چۈشەنمەي، مەرىپەت دۇنياسىنىڭ تەرەققىيات مەنىشەتلىرىدىن مەھرۇم ھالدا، ئاشۇ قۇللۇق، فېئوداللىق ئۆتمۈشىنىڭ قالدۇق قاراڭغۇلۇقىغا قاچانغىچە چېكىنىپ ئۆتەرسەن؟ خۇراپاتنىڭ ئاشۇ ئاڭسىز تەرغىباتچىلىرىغا قانچە بەك چوقۇنۇپ، شەرتسىز يول قويساڭ، ئۇلارنىڭ يۇرتقا، مىللەتكە كەلتۈرىدىغان ئاپىتىنىڭمۇ شۇنچە چوڭ بولىدىغىنىنى نېمىشقا چۈشەنمەيدىغانسەن؟

1988 - يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى

## سەھنە تىياتىر ئەسەرلىرىنى قوبۇل قىلىش ئېلانى

دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى ۋە 2-نۆۋەتلىك شىنجاڭ سەنئەت بايرىمىنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن ئۆمىكىمىز ھەرخىل تېمىدىكى ئوپېرا، مۇزىكىلىق دراما، دراما ئەسەرلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. كەڭ ئاپتورلار يېزىپ پۈتتۈرگەن ۋە يېزىۋاتقان سەھنە ئەسەرلىرىنى پۈتتۈرۈپ، ئوپېرا ئۆمەك سەنئەت بۆلۈمىگە ئەۋەتىپ بەرسە بولىدۇ.

قوبۇل قىلىش تەرتىپى:

1. ئاپتورلارنىڭ ئەۋەتكەن ئەسەرلىرىنىڭ سۈپىتى ۋە ھەجىمىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ قەلەم ھەققى بېرىلىدۇ.

2. ئۆمىكىمىز سەھنىلەشتۈرۈشكە بولىدۇ دەپ قارىغان ئەسەرنىڭ ئاپتورىنى تەكلىپ قىلىپ مۇناسىۋەتلىك سەنئەت خادىملىرى بىلەن بىرگە ئۆزگەرتىش خىزمىتى ئېلىپ بارىدۇ. ئاپتورنىڭ ياتاق، كاماندىروپكا پۇلىنى ئۆمەك ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ.

3. ئەسەر سەھنىلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن 100 مەيداندىن ئوشۇق ئوينالغان بولسا 1500 يۈەن، 50 مەيداندىن ئوشۇق ئوينالغان بولسا 1000 يۈەن، 30 مەيداندىن ئوشۇق ئوينالغان بولسا، 500 يۈەن قەلەم ھەققى بېرىلىدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئوپېرا - تىياتىر ئۆمىكى




(قىز تىلىدىن)

**مۇھەممەت خېۋىر**

يېشىلىك بىلەن تەسىر ئېتىپ ئىدراكىغا،
سوغ دىلىمغا ئاتەش چېچىپ، ئوت چېچىپ؛
ئىجازەتسىز ئۇۋسۇپ كىردىڭ يۈرەككە،
كۆڭۈل بەردىم تېپىچىلىقىمدىن ۋاز كېچىپ،
سوغ دىلىمغا كىردىڭ ئاتەش - ئوت چېچىپ.

قىقاسلارنى قوبۇل ئەتتىم ياشلىقتىن،
زادىلىقىم ھەۋەسلەرنى ئۇندۇردى.
پايدا تاپتىڭ چەكتىن ئاشقان شاشلىقتىن،
ياش ھەۋەسىم شېرىن گەپكە كۆندۈردى،
يۈرىكىمدە شېرىن ئارزۇ ئۇندۇردى.

ئاگاھ ئەتتى ئانام سەندىن نەچچە رەت،
ۋەدەڭ بىلەن گاسلىشىپتۇ قۇلىقىم.
ئىختىيارىم تىزگىنىنى بۇ نۆۋەت
«ئۆزۈم تۇتاي» دېدى كەلمىش خورلىقىم،
سەزگۈسىنى يوقىتىپتۇ قۇلىقىم.

«يۇلتۇز...» دېدىڭ، ئۇچۇپ چىقتىم پەلەككە،
چىقتىم، لېكىن چۈشۈش دىلدىن كەچمىدى.
«...قۇياش!» دېدىڭ، ئاپتاپتولدى يۈرەككە،
(لېكىن دىلدىن بۇلۇت، تۇمان كۆچمىدى)،
مۇللاق ئېتىپ چۈشۈش دىلدىن كەچمىدى.

تەلۋە ھەۋەس تۇمانىدا لەيلىدىم،
ئوي - چوڭقۇرنى ئۇلگۈرمىدىم پەرق ئېتىپ.
مەستلىكىمدىن جىننى يولداش ئەيلىدىم،
سۇزۇك ئەقىل كەتتى دىلنى تەرك ئېتىپ،
تۈزۈك دىلنى كۆرەلمىدىم پەرق ئېتىپ،

ئۇچۇپ بېرىپ ئۇستۇم راسا چوققىغا،
تەھتى ئەسرا كۆتۈۋالدى جىسمىمنى.

ئەقىل تاپتىم ئۇچرىغاندا دوققىغا،
ئۆزگەرتكىدەك بولۇپ كەتتىم ئىسمىمنى،
ئەلەم، خورلۇق كۆتۈۋالدى جىسمىمنى.

ھوشۇم بىلەن باقسام ئەمدى ئەتراپقا،
زاڭلىق ئېتەر مەستلىكىمنى مەۋجۇدات.
كەتتى ياشلىق، نومۇس - ھايا ئىسراپقا،
كۆزلىرىمنى كىر قىپتىمەن، پەنددىيات،
ئىست! دەيدۇ ئېچىنىشتىن مەۋجۇدات.

كېتىپتىمەن ئوغىغا بەك ئېچىكىپ،
يۇلتۇز ئىدىم، ئېقىپ چۈشتۈم ئەۋرەزگە.
سىرلىرىڭدىن ۋاقىپلاندىم كېچىكىپ،
گۈل ئورايمەن تىكەنلىك شۇم غەرەزگە،
پاتۇردۇڭغۇ بويۇمچىلا ئەۋرەزگە.

سۆيگۈمنى ئوت دەپتىكەنمەن چۈش كۆرۈپ،
ۋۇجۇدۇمنى پۇشمان ئوتى كۆيدۈردى.
چۈش كۆرمىگىن يالۋۇرۇشنى خوپ كۆرۈپ،
قارا بېسىش قىممىتىمنى بىلدۈردى،
يەڭگىلىس، تەنتەك ھېسلىرىمنى كۆيدۈردى.

زەھەر بەزەن شېرىن بولار، بىلىڭلار،
تۈلكە ئالداپ ئەپكەتمىسۇن، دوستلىرىم.
قىممىتىمدىن ھازىر ئىبرەت ئېلىڭلار،
كېيىن ھەسرەت يەپ كەتمىسۇن، دوستلىرىم،
تەلۋە ھەۋەس ئەپكەتمىسۇن، دوستلىرىم.

تەلۋە ھەۋەس ئېلىپ چىقتى پەلەككە،
تاشلاپ يەرگە، مىسلى ۋەيران ئەيلىدى.
مەسخۇش بولۇپ ئالدىراڭغۇ تىلەككە،
دوستلار ۋەيران بولمىسىلا مەيلىدى،
تەلۋە ھەۋەس مېنى يەكسان ئەيلىدى.

# مۇناپىقنىڭ ئۆلۈمى





(پوۋېست)

مۇھەممەتئېلى زۇنۇن

## ئاق لىباسلىق شەيتان

مىش، مىش، مىش،
ھاجى ئاتام كېلىۋاتىمىش.
شەھەر - قەلئە ئېلىۋاتىمىش،
ئەلنىڭ بەختى كۈلۈۋاتىمىش. . .

1931 - يىل 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئىسيانكار قۇمۇل دىيارىنىڭ شوپۇل تاغلىق رايونى ئىنتىقام زۇلپىقارىنى قىنىدىن چىقاردى.

بۇ زۇلپىقار 1912 - يىلى تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدا قوزغالغان سەلتەنەتلىك خەلق قوزغىلىڭىنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكەن پېشقەدەم ئىنقىلابچى خوجانىياز ھاجىنىڭ قولىدا چاقناۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئىلھامبەخش شولىسى ئاسمانىپەلەك خانتەڭرى چوققىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، جاپاكەش جەنۇب خەلقىنىڭ سۇلغۇن كۆڭلىنى يورۇتىۋاتقان ئىدى. كىشىلەر غەلىبە

---

* بېشى ئۆتكەنكىساندا

خەۋەرلەرگە تەشنا، جەڭ ئاتلىرىنىڭ تۇياق ئاۋازلىرىدا تەقەززا ئىدى. ئىككى يىل مانا شۇنداق تەشنالىق ۋە تەقەززالىق ئىچىدە، يۈكسەك ئۈمىد، چەكسىز ئىنتىزارلىق ئىچىدە ئۆتۈپ كەتتى!

1933 - يىلىنىڭ باھارى ــ ئىجادلىق ئۈمىدى بىلەن تولغان خاسىيەتلىك باھار باشلاندى! جەنۇبقا يۈرۈش قىلغان جەڭ كارۋانلىرىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى ھەققىدىكى خۇش خەۋەرلەر بۇ يىلقى «نورۇز قوشاقلىرى»غا يېڭى مەزمۇن بەخش ئەتتى، بالىلارنىڭ «قارا - قارا قۇشلار»ى ماۋزۇلۇق ناخشىلىق ئويۇنىغا يېڭى مەزمۇن بەخش ئەتتى. مەھكەم قول تۇتۇشۇپ، قايىنام شەكلىدە پىرقىراۋاتقان توپ - توپ سەبىي بالىلار ئەنە شۇ قوشاقنى جاراڭلىتاتتى.

قۇندۇزدەك ئايغىرنى ئىككى مۈردىمغا يېتىلىتىپ كېلىۋاتقان خوجا ئىمشان بۇ قوشاقنى بۈگۈن بەش يەردە ئاڭلىدى، بىئارام بولدى. قورغان تەۋەسىدىن سېتىۋالغان كاتتا باغ - ھويلىسىغا قاراپ كېتىۋاتقان بۇ ئەرباب ئاچچىق خىيال پاتقىقىدا تېپىرلىماقتىدى: خەلق ئارىسىدا «قازىنىڭنىڭ قايىنىشىغا باق، بالاڭنىڭ ئويۇنىشىغا» دېگەن سۆز بار. بۇ شۇم ئېغىز ئەنتەكلەرنىڭ ئويۇنىغا بىپەرۋالىق قىلغىلى بولارمۇ؟ خوجانىياز ھاجى راستىنلا بۇ تەرەپكە ئاتلىنىدىغان بولسا . . .

تۆرەيار باغ تەرەپتىن چىققان بىر توپ ئوتۇل - قىزلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى خوجا ئىمشاننى چۆچۈتۈۋەتتى. سۇيۇنچە ئېلىشقا ئالدىرىغان بالا يەتكۈزمەكچى بولغان خۇش خەۋەرنى يولبويى يادلاپ ماڭغاندەك، ئۇلارمۇ بىر قوشاقنى تەڭ يادلىشاتتى:

ممش، ممش، مـمش،
ھاجى ئاتام كېلىۋاتىمىش،
شەھەر - قەلئە ئېلىۋاتىمىش،
ئىقبالىمىز يولىغا
ئالتۇن كۆۋرۈك سېلىۋاتىمىش. . .

— خوتۇنتالاقلار! — سەبىي گۆدەكلەر ئۈستىگە قارغىش مۆلدۈرى ياغدۇردى خوجا ئىمشان، ــ تىلىڭغا كۆيدۈرگە چىققۇن، ئىلاھىم! ــ ئۇ، كۆۋرۈككە يېقىنلاشتى. ئۇلغايغان تۈمەن دەريا سۈيى بۆلەكچىلا كۈچلۈك شاۋقۇنلىماقتا، گويا ھېلىقى بالىلارنىڭ جاراڭلىق قوشاقلىرىغا تەڭكەش بولماقتا ئىدى. سان - ساناقسىز قارلىغاچ دولقۇن ئۈستىدە ئەركىن پەرۋاز قىلماقتا، تىنىمسىز ۋىچىرلىماقتا. ئۇلارنىڭ ئاۋازىمۇ ھېلىقى قوشاقنى ئېيتىۋاتقاندەكلا يېقىملىق ۋە رېتىملىك ئىدى. خوجا ئىمشان بۇ ئاۋازدىنمۇ بىزار بولدى. ئۇ «ھەزرىتى ئاپپاق خوجا خىسلەتلىك ھاسىسىنى بىر شىلتىپلا پۈتۈن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋادىسىدىكى بۈلبۈللارنىڭ ھەممىسىنى شىمالغا قوغلىۋەتكەن» دەپ ئاڭلىغان ۋە بۇ گەپكە ئىشىنەتتى. «بۇ چەرەندە - پەرەندىلەرنىمۇ قوغلىۋەتكەن بولسىچۇ! — دەپ ھەسرەتلەندى خوجا ئىمشان، — ۋىچىرلاۋېرىپ، ئىمانىمنى ئېزىدىقتۇردىغۇ!»

«ممش، ممش، ممش. . . » — قوشاق ئوقۇۋاتقانلار — چاڭ توزۇتۇپ چېپىپ كېلىۋاتقان يايداق ئېشەكلەرنىڭ ساغرىسىغا قونۇۋالغان دېھقان بالىلىرى ئىدى.

ــ زۇۋانىڭ قۇرۇپ كەتسۇن، خوتۇنتالاقلار ــ دېمەي سىقىلغان خوجا ئىمشان ئەلەم ئىچىدە ئۆز - ئۆزىگە سوئال قويدى، ــ بۇ يالىڭاياغ ياۋايىلار نەدىن ئۆگەنگەندۇ؟ كىم توقۇۋاتقاندۇ؟ كىم تارقىتىۋاتقاندۇ زادى؟ مادۇتەي جانابلىرى خەۋەر تاپقانىمىدۇ؟ قانداق تەدبىر قوللانماقچى بولۇۋاتقاندۇ؟ قوراتقۇلۇق قىلىۋاتقانلاردىن بىر قانچىسىنىڭ

كالىسىنى ئالمايدىغان بولسا!...

خوجا ئىمشان ئاتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى. ھاڭ-تاڭ قالغان مۇردىتلىرى تەلۋ تىكىلدى:

— خوجام؟...

— دوتەي يامۇلغا!

بايىلا جىددىي تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ماشىياۋۇ تولىمۇ خوشال ۋە خاتىرجەم ئىدى.

— خۇشخەۋەر! — دېدى ئۇ ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن ھالدا، — شېڭ زىخۇي تەختكە چىقىپتۇ، شېڭ زىخۇي!

— شېڭ زىخۇي؟ — دېدى خوجا ئىمشان ھودۇقۇش ئىچىدە، — جىن شۇرېن ھەزرەتلىرىچۇ؟ بۇ زات خېيىم-خەتەرگە يولۇقمىغاندۇ؟

— ھەربىي مەسلىھەتچىلەر باشقارما مۇدىرى چېن جۇڭ بىلەن ئاۋدىئاتسىيە ئەتراپتىكىلەرنىڭ باشلىقى لى شياۋتيەن ۋە تاۋمىڭيۈ قاتارلىقلار ھەربىي-سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، جىن شۇرېننى ئاغدۇرۇپ تاشلاپتۇ!

خوجا ئىمشان شېڭ، لى، تاۋ دېگەنلەرنىڭ ھېچقايسىسىنى بىلمەيتتى. «ئاۋدىئاتسىيە» دېگەندەك سۆزلەرنىمۇ چۈشەنمەيتتى. ئۇنىڭ ئەسيادى جىن شۇرېندا ئىدى.

— جىن شۇرېن ھەزرەتلىرى زىيان-زەخمەتكە ئۇچراپ قالمىغاندۇ؟ — دېدى ئالاقزادىلىك ئىچىدە.

— ياق، 1264 سەر ئالتە يېرىم مىسقال ساپ ئالتۇننى ئېلىپ، سوۋېت زېمىنى ئارقىلىق تيەنجىنگە بېرىۋاپتۇ.

— ئۇھ... — ئۆز ئاتىسىنىڭ يىراق مەنزىلگە ساق-سالامەت يەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىنمۇ بەكرەك خاتىرجەملىك بىلەن يېنىككىنە تىنىدى خوجا ئىمشان، — ياڭ جاڭجۈڭ ئالىيلىرى سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەندىن بۇيانقى بەش يىل مابەينىدە ئەل-يۇرتنى ئەدلى-ئادالەت قىلىچى بىلەن تىنچلاندۇرۇپ كەلگەن ئۇلۇغ زات ئىدى.

— شېڭ شىسەي — قالتىس قابىلىيەتلىك زات! — ھەۋەس بىلەن تونۇشتۇردى ماشىياۋۇ، — لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ كەييۈەن ناھىيىسىدىن، ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئالىي مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن، ياپون تىلىغا كامىل.

— شۇنداق، شۇنداق، سۇدەك بىلىدۇ، ھەممىنى بىلىدۇ، — يېڭى پادىشاھىنى قانداق ماختاش لازىملىقىنى بىلەلمىگەن خوجا ئىمشان تىلىنى چايناشقا باشلىدى.

— جياڭ جيېشىنىڭ ھەربىي قىسمىدا مەسلىھەتچى، ئۇرۇش قىلىش بۆلۈمىدە كېچاك بولغان. جىن شۇرېننىڭ تەكلىپى بويىچە شىنجاڭغا كەلگەن.

— شۇنداق، شۇنداق، تەكلىپ بويىچە كەلگەن، ئالاھىدە تەكلىپ بويىچە.

— مانا ئەمدى جىن شۇرېننى قوغلىۋەتكەنلەرنى بىر پەشۋا بىلەن يىقىتىپ، پۈتۈن تەختنى تەنھا ئىگىلەپتۇ!

— تولىمۇ خاسىيەتلىك ئىش بوپتۇ!

— بىلەمسىز، خوجانىياز ھاجى دېگەن تۆمۈر خەلىپە قوزغىلىڭى ۋاقتىدىلا ياڭ جاڭجۈڭ ئالىيلىرىنىڭ دامىغا چۈشكەن.

— شۇنداق، ئەل بولۇشقا ئۇنىماي، ئەگەشكۈچىلىرىنى باشلاپ، تاغقا چىقىپ كەتكەن.

— كېيىن مەككىنى تاۋاپ قىلدى، بىر مۇنچە مەملىكەتلەردە زىيارەتتە بولدى، كۆپنى كۆردى. ئىشىنىڭ يولىنى، تەدبىرىنى بىلىۋالدى.

— ئۇ تۇتاشتۇرغان كىچىككىنە ئوت مانا

ئەمدى چوڭ يانغىنغا ئايلاندى!

— بۇ يانغىننى ئۆچۈرۈش جىن شۇرېننىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. شېڭ زىخۇيىنىڭ تەختكە چىققىنى ناھايىتى ئوبدان بولدى. غەم-تەشۋىشتىن خالاس بولدۇم، كۆڭلۈم ئىز-جايىغا چۈشتى.

— مۇنداق دېسىلە، مادوتەي ئالىيلىرى،— غەم-تەشۋىش جۇدۇنلىرى ئىچىدە تولغىلىشقا باشلىغان ۋۇجۇدى ئىللىماقتا ئىدى. ئۇ، چوڭ-كىچىكلەر ئاغزىدىن ئاڭلىغان بېيىت-قوشاقلار ۋە ھەر خىل گەپ-سۆزلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمدى تامامەن خاتىرجەم بولغانلىقىنى قايتا-قايتا ئىزھار قىلدى،—شېڭ زىخۇي ئالىيلىرىغا نامە يوللايدىغان بولسىلا كەمىنە قۇللىرىنىڭ ئىسمىنىمۇ قېتىپ قويغايلا، دوتەي ئالىيلىرى، ئۇ ئاتىمىزنى مەن چىن قەلبىمدىن ھىمايە قىلىمەن، ئۆمۈر بويى خىزمىتىدە بولۇشقا تەييارمەن!

— ئورۇنلۇق تەلەپ، — دېدى ماشياۋۋۇ،— «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» نى قىزغىن قوللىغان ھەر ساھە ئەربابلىرى ئىسمىلىكىنىڭ بىرىنچى رېتىگە تىزىپ يوللايمەن.

— ئالىي ھىممەتلىرىدىگە يۈز مىڭ رەھمەت، خەيرىخاھ ئاتا! — يەرگىچە ئېگىلگەن پېتى ئارقىچە مېڭىپ، ئىشىكتىن چىقىۋاتقان خوجا ئىمشاننى چاقىردى ماشياۋۋۇ:

— سەل-پەل تەخىر قىلىڭ، خوجا.

— خوش، دوتەي ئالىيلىرى، خىزمەت بارمىكىن؟— بۇتقا چوقۇنغان راھىبتەك تىزلاندى ئۇ.

— مۇرىتلىرىڭىز ئىچىدە قومۇللۇق، تۇرپان-توقسۇنلۇقلار بار-ھە؟

— بار-بار، قومۇللۇقتىن ئۈچى بار. يەنە كېلىپ، بىرى خوجا نىيازھاجى بىلەن بىر يۇرتلۇق — تاراتىيلىق. تۇرپان-توقسۇنلۇقتىن توققۇزى بار.

— ياخشى، ناھايىتى ياخشى! بۈگۈندىن باشلاپ ئايرىم ھۇجرىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇڭ، ئالاھىدە كۈتۈڭ.

— خوش، دوتەي ئالىيلىرى.

— ئۇلار يەرلىك تىل تەلەپپۇزىنى تېزلىكتە ئەسلىگە كەلتۈرسۇن!

— خوش، دوتەي ئالىيلىرى، — دېدى خوجا ئىمشان سەۋەبىنى سوراشقا پېتىنالماي.

— چىقىڭ. دەرھال ئورۇنلاشتۇرۇڭ!

— خوش، ئورۇنلاشتۇراي، دەرھال ئورۇنلاشتۇراي.

. . . . . . .

ئېتىز-ئېرىقلار ساپسېرىدىق كاككۇك گۈلىگە، باغ-ۋارانلار رەڭگا-رەڭ چېچەكلەرگە پۈركەنگەن چاغ. نىجادلىق ۋەسلىگە تەشنا بولغان يۈز مىڭلىغان خەلقنىڭ كۆڭلىدىمۇ ئۈمىد چېچەكلىرى بەرق ئۇرۇپ ئېچىلماقتا.

قومۇل خەلق ئىنقىلابىنىڭ ئىلھامى بىلەن كارۋانلار باشلىقى تۆمۈر پالۋاننىڭ يېتەكچىلىكىدە قوزغالغان تۇرپان-توقسۇن كۆرەشچىلىرى جەنۇبقا قاراپ غەلىبىلىك يۈرۈش قىلىپ، قەشقەر تەۋەسىگە قەدەم قويدى. ئەجەل ۋەھىمىسى ئىچىدە قالغان جىن شۇجېڭ (ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق دىۋىزىيە باشلىقى، جىن شۇرېننىڭ 4- ئىنىسى) دورا يەپ ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. دوتەيلىك ھەم سىجاڭلىقتىن ئىبارەت قوش مەنسەپكە ئېرىشكەن ماشياۋۋۇنىڭ ئالدىنقى سەپ-مارالبېشىغا ئەۋەتكەن ئەسكەرلىرى ئارقا-ئارقىدىن مەغلۇب بولماقتا. قىرىق نەچچە كۈنگە سوزۇلغان شىددەتلىك ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرەلمىگەن تۇەنجاڭ ياڭ چىڭمىن، لى دېگرۇڭ قاتارلىقلار ئاقساق-

چولاق هالدا قېچىپ كەلمەكتە، داد - پەرياد كۆتۈرمەكتە: «ئۇلارغا تەڭكەلگىلى بولمىدى! ئەسكەرلىرىمىزنىڭ جەسەتلىرى چۆل - جەزىرىلەردە قالدى! ...»

دەل شۇ كۈنلەردە ماشىياۋۋۇنىڭ سۇغۇن چازا ① دا تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلىرى قىرغىز لىيەنجاڭ ئوسمان ئېلى يېتەكچىلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئۇز يىڭجاڭى چىڭ تۇۋكىلىگىنى ۋە ئۇنىڭ سادىق قولچوماقلىرىنى بىر كېچىدىلا ئۇجۇقتۇرۇپ، 400 تال مىلتىقنى قولغا چۈشۈرگەن بۇ ئەزىمەتلەر تۆمۈر سىجاڭ تەرىپىدىن تەقدىم قىلىنغان جەڭ بايرىقىنى كۆكتە جەۋلان قىلدۇرغان هالدا ئاتۇشقا يېتىپ كەلدى. بايراق ئۈستىگە يېزىلغان «فى سەبىلىللا» (خالىس پىدائىي) دېگەن خەت سان - ساناقسىز نەۋقىرانلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا ئىدى. ئاستىن ئاتۇش - ئۈستىن ئاتۇش ياشلىرى شۇ بايراق ئاستىغا توپلىنماقتا؛ بەشكېرەم، قورغان، سەمەن، دۆلەتباغ، شامالباغ ... ياشلىرى ئاتۇش تەرەپكە ئاقماقتا؛ ئاشلىق - ئوزۇق، بېدە - بوغۇز يۆكلەنگەن ئات - كالا، ئېشەك هارۋىلىرى شۇ تەرەپكە راۋان بولماقتا ئىدى. تۇتۇرگە داۋىنىدا بولۇپ ئۆتكەن تۇنجى قېتىملىق سوقۇشتا ئەجەللىك زەربىگە يولۇققان ماشىياۋۋۇ چېرىكلىرىنىڭ نىمجان قىياپىتىنى كۆرگەن كىشىلەر ئىچ - ئىچىدىن كۈلمەكتە، بىر - بىرىگە خۇش خەۋەر يەتكۈزمەكتە، پىدائىي ئوغلانلارنىڭ غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلماقتا ئىدى.

ئىشتىھاسى تۇتۇلغان، چاچقۇنلۇق كېسىلىگە مۇپتىلا بولغان خوجا ئىشاننىڭ كۈن - تۈنلىرى ئىت - تىنچلىق، بىئاراملىق ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى. تەرەپ - تەرەپكە تارقىتىۋەتكەن «كۆز - قۇلاق»لىرىنى خەۋەر يەتكۈزۈشكە مەجبۇر قىلاتتى:

— كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىڭنىڭ هەممىنى ئېيت! — دەپ قىستايتتى ئۇ. — راستىنى يوشۇرماي، يالغىنىنى قوشماي، ئەينەن سۆزلە!

«كۆز - قۇلاق»لار يالغان سۆزلەشكە پېتىنالمايتتى، راستىنى ئېيتىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. راست - يالغان سۆزلىگەنىنىڭ هېچبىرى تىل - ئاهانەتتىن قۇتۇلالمايتتى.

— خوجام! ... — دېگىنىچە يىقىلدى هاسىراپ - هۆمىدەپ كىرگەن «كۆز - قۇلاق»تىن بىرى، — ئوسمان قىرغىز شەھەرگە هۇجۇم قىلغۇدەك!

— نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسەن، خوتۇنتالاق! — غەزەپ بىلەن بىر كاچات سالدى خوجا ئىشان.

— يالغان سۆزلىگەن بولسام، تىلىم قۇرۇپ كەتسۇن! ئۇدۇنيا - بۇ دۇنيا قارا يۈز بولۇپ كېتەي! — ئوتتەك قىزىرىپ كەتكەن مەڭزىنى سىلاپ قەسەم قىلدى «كۆز - قۇلاق».

— قاچان هۇجۇم قىلغۇدەك؟ — خوجا ئىشاننىڭ ئاۋازى تىترىمەكتە ئىدى.

— بۈگۈن كېچە!

— هە؟! — دەرمانسىزلىنىپ «لاسسىدە» ئولتۇرۇپ قالدى. ئەكىرىپ قويۇلغان پېتى تۇرغان بىر تەخسە لەگمەن دۈم كۆمتۈرۈلدى، — كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟ قانداق بىلدىڭ؟ — دېدى بىر هازادىن كېيىن.

— هەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا شۇ گەپ. بەش دەرۋازىنىڭ هەممىسى تاقىلىپتۇ. سېپىل ئۈستىدىكى چېرىكلەر ئۇۋىسى بۇزۇلغان چۈمۈلىدىنمۇ كۆپ!

— ياستۇقنى يۆلەپ قوي، يەنە بىرنى، ئۇھ، بولدى، چىقىپ كېتىۋەر، — قوش ياستۇقنى ئۇدۇل قولتۇقىغا قىسقان هالدا پىكىر يۈرگۈزۈشكە باشلىدى، — تۆمۈر هارۋىكەش ئۇنىڭغا

① ئاتۇشتىن ئوچتۇرپانغا بارىدىغان تار جىلغىنىڭ ئاغزىغا جايلاشقان مۇهىم چازا.

شەھەرگە تەگمەي تۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىدىغانلىكەنىمىشقۇ؟ نېمىشقا ئۆز بېشىمچىلىق قىلىدۇ بۇ قىرغىز؟ شەھەرگە تەنها ئىگىدارچىلىق قىلغۇسى بار ئىكەن - دە؟ ئەمدى بىر پاۋاپى قىرغىزنىڭ قولىغا قالارمۇ بۇ شەھەر؟...

ئوسمان ئېلىمنىڭ تۆمۈر سىجاڭ بىلەن پەيزىۋاتتا كۆرۈشكەن ۋاقتى — 4- ئاينىڭ 30- كۈنى ئىدى. تۆمۈر سىجاڭنىڭ «قەشقەر شەھىرىدە ئادەم كۆپ. ئۇرۇش بولۇپ قالسا، كۆپ ئادەم قىرىلىپ كېتىدۇ. مۇمكىن قەدەر ئۇرۇش قىلماي، تىنچلىق بىلەن كىرگىنىمىز تۈزۈك» دېگەنلىكى، ئوسمان ئېلىمنىڭمۇ بۇ پىكىرگە قوشۇلغانلىقى راست ئىدى. لېكىن ئوسمان ئېلىمنىڭ پالۋانلىرى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشقا، تېز غەلىبە قىلىشقا ئالدىراۋاتاتتى. ئۇلار تۆمۈر سىجاڭنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان ماجەنساڭغا ئىشەنمەيتتى. ماشياۋۋۇنىڭ ماجەنساڭ بىلەن بىرلىشىۋېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇڭلاشقا «تۆمۈرنى قىزدىقىدا سوقۇش» قارارىغا كەلگەنىدى.

خوجا ئىشان كىرپىك قاقماي تاڭنى ئاتقۇزدى. قورغان تەۋەسىدىكى مۇشۇ باغنىڭ بوسۇغۇسىدىن تارتىپ، دوتەي يامۇل ئالدىغىچە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغان «كۆز - قۇلاق» لار ئۈزمەي خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇراتتى:

— ئوسمان قىرغىزنىڭ 1500 دىن ئوشۇقراق ئاتلىق - پىيادە قوشۇنى يارباغ كۆۋرۈكىدىن ئۆتتى! پالتا، قىلىچ، كالتەك - چوماق كۆتۈرگەن ئىككى - ئۈچ يۈزدەك ئادەم ئۇلارغا قېتىلدى. سېپىل سىرتىدىكى يېزا - مەھەللىلەردىن كەلگەن بىر ئەر مىڭدەك ئادەم ئۇلارغا غەلىبە - نۇسرەت تىلىمەكتە. ھەممىلا يەردە «ئامىن - ئامىن!» ساداسى.

— مادوتەي ئەسكەرلىرى سېپىل ئۈستىدە قارشىلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ. «ئەپىيا!» دەپ چىرقىرىغان ئاۋازلىرىمۇ ئاڭلىنىۋاتىدۇ!

— توپىلاڭچىلار يارباغ دەرۋازىسىغا ئوت قويدى!

— تۈشۈك دەرۋازىغا ئوت قويدى!

— بېسىپ كىردى، توپىلاڭچىلار شەھەرگە بېسىپ كىردى! ئوردا ئالدىدىكى قازىخانىغا كىرىۋالغان 200 مۇسۇلمان ئەسكەر قورالسىزلاندۇرۇلدى، ئىختىيار قىلغانلىرى توپىلاڭچىلار سېپىگە قوشۇلۇپ كەتتى!

— يۇمىلاقشەھەر قەلئەسى قوزغىلاڭچىلار قولىغا ئۆتۈپ كەتتى! پۈتۈن قورال - ياراق، ئوق - دورىلارنىڭ ھەممىسى شۇلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى!

— دوتەي يامۇلىدىن باشقا ھەممە يەر ئىسيانچىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولدى. پۈتۈن شەھەر «ئامىن - ئامىن!» ساداسى ئىچىدە!...

خوجا ئىشان ئەمىر قىلدى:

— ھەزرەت تەۋەسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە يەتكۈزۈڭلار: ناماز بامداتتىن بۇرۇن يارباغ دەرۋازىسى ئالدىدا ھازىر بولسۇن. مە، بۇنى ئالغاچ چىقىپ كەت، ھەممەيلەن تولۇق يادلاپ كىرسۇن!

— لەببەي، خوجام! — بىر چاپارمەن مىنگەن قاراشەھەر ئېتى ئاپپاق خوجا مازىرى تەرەپكە قاراپ ئۇچتى..

خوجا ئىشاننىڭ چىرايىدا پەرىشانلىق، ۋۇجۇدىدا ماغدۇرسىزلىقتىن ئەسەر يوق ئىدى. بىر پىيالە قايماق بىلەن يېرىم قاتلىمىنى بەخۇدۇك سوقۇۋەتكەندىن كېيىن راۋرۇس كىيىندى، تىكلىمە ئەينەككە قاراپ ئۆزىنى تۈزەشتۈردى:

— ئات تەييار بولدىمۇ؟

— تەييار بولدى، خوجام.

— يۈرۈڭلار!

ئات يېتىلىگۈچى ۋە ئەگەشكۈچىلەرنىڭ

ھەممىسى تەئەججۈپلىنەتتى: «ئۇزاقتىن بۇيان شۇنچە بىئارام بولۇپ يۈرگەن خوجامنىڭ بۈگۈن مۇنچە خاتىرجەم، خۇشال بولۇپ كېتىشىدىكى سەۋەب نېمىدۇ؟»

400 گە يېقىن مۇرىت - مۇخلىس يارباغ دەرۋازىسى ئالدىغا ئۇيۇلۇپ بولغانىدى. قوزغىلاڭچى قوشۇن تەرىپىدىن يېقىلغان ئوت تۇتىشىپ بولغۇچە، شەھەر ئىچىدىكى پىدائىكارلار تەرىپىدىن ئېچىۋېتىلگەن بۇ دەرۋازا ھېلىمۇ داغدام ئوچۇق ئىدى. ئەنجان رەستە ھەرقاچانقىدەكلا پاكىز، ھاۋالىق ئىدى. رەستىنىڭ غەربىي قاسنىقىدىكى ئېرىق سۈيى تىنىمسىز شاۋقۇنلايتتى. تەكشى بوي تارتقان سۆۋادان تېرەكلەرنىڭ كۆم-كۆك يوپۇرماقلىرى سەھەر سالقىنىدا يېقىملىق شىۋىرلايتتى. خوجا ئىشان ھېيتگاھ جامەسى ئالدىغا كەلگەندە، بامدات نامىزى ئوقۇلۇپ تۈگىگەن، ئەھلى جامائەت قايتىپ چىقىۋاتقانىدى. خوجا ئىشان مۇرىت - مۇخلىسلار سېپىنىڭ ئالدىنقى رېتىدە كېلىۋاتقانلارغا قاراپ باش لىڭشىتتى. بىردىنلا جەرە - ساما باشلاندى:

بۈگۈن ئايەم مۇبارەك، ھۇم،
قۇتلۇق قەدەم مۇبارەك، ھۇم.
پەھلىۋانلار كۆتۈرگەن، ھۇم،
غالىب ئەلەم مۇبارەك، ھۇم.
ھۇۋۋى ئاللاھ، ھۇم.
«فى سەبىلىللاھ» خېتى، ھۇم،
بۇ ئەلەمنىڭ شۆھرىتى، ھۇم.
ئۆسسۇن، يەنە ئۇلغايسۇن، ھۇم،
بۇ قوشۇننىڭ قۇدرىتى، ھۇم.
ھۇۋۋى ئاللاھ، ھۇم...

سوپى - دەرۋىشلەر ھېيتگاھ مەيدانىنى يەتتە نۆۋەت ئايلىنىپ بولغۇچە، جەرە - ساما سالغۇچىلار سانى بىرەر مىڭدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئېيتىشىۋاتقىنى ئىجادالىق ۋەسلىگە ئاشنا بولغان يۈز مىڭلىغان خەلقنىڭ يۈرەك سۆزى ئىدى. كىشىلەر قەھرىمان قوزغىلاڭچى قوشۇنغا ئېيتماقچى بولغان رەھمەت - ھەشقاللىسىنى پەقەت مۇشۇ قوشاقنى ھاياجان بىلەن ئوقۇپ، تەرلەپ - پىشىپ ساما سېلىش ئارقىلىقلا ئىپادىلىمەيەتتى. جەرە - ساما سالغۇچىلار ئۆستەڭبويى مەھەللىسى بىلەن يۇمىلاقشەھەر كۆلى ئەتراپىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، قەلئە دەرۋازىسىغا يېقىنلاشقاندا، ئۈچ - تۆت مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇنغا ئايلانغانىدى. خوجا ئىشان ئۇلارغا قاراپ كۈلۈمسىرەيتتى. ئۆز تەدبىرىنىڭ ئۈنۈمى توغرىسىدا خىيال سۈرەتتى: ئوسمان ئېلىنىڭ غەلىبىسىگە ئەڭ دەسلەپ ئەڭ قىزغىن تەنتەنە قىلغان كىم؟ نەچچە مىڭ ئادەمنى ئۇلاردىن ھال سوراش ۋە ئۇلارغا رەھمەت - ئاپىرىن ئېيتىشقا تەشكىللىگەن ئىقتىدار ئىگىسى كىم؟ پېقىرنىڭ بۇ ئەجرى ۋە ئەقىدىسى بەدىلىگە قولغا كەلتۈرىدىغىنى نېمە؟ ئىشەنچ، ئەلۋەتتە! ......

گۈلدۈرماما - چاقماقلىق كېچە سالقىن شاماللىق سۈبھىگە ئورۇن بوشاتقانىدى. نامازشام ۋاقتىدىن بامدات مەزگىلىگىچە ياغقان يامغۇر سۈيىنى ئۆز قوينىغا سىڭدۈرۈپ بولغان ئىسسىق تۇپراقتىن سۈزۈك ھور كۆتۈرۈلەتتى. يول بويىدىكى قاپاق تېرەك - سۆۋادان تېرەك، قاراسۆگەت - سېرىق سۆگەت يوپۇرماقلىرى ئۈستىدىكى يامغۇر تامچىلىرى سىماپتەك لىغىرلايتتى، كۈن چىقىش تەرەپكە قاراپ سەلدەك ئېقىۋاتقانلاردىن بىرىنىڭ يەلكىسى تېگىپ كەتكەن ھامان ئۈنچە تۆكۈلگەندەك تۆكۈلەتتى. دەرەخنى لىڭشىتقۇچىنى ئەيىبلەيدىغان ھەتتا ئۇنىڭغا قاراپ قويىدىغان كىشى يوق ئىدى. تۈشۈك

دەرۋازىغا ئۇتىشىدىغان كوچىلارنىڭ ھەممىسىدە ئالدىراش ئادەملەر، بىر - بىرىدىن ئىتتىك تاشلىنىۋاتقان قەدەملەر.

دەرۋازا سىرتىدىكىلەر تۆمەن دەرياسىنى بويلاپ شەرققە ئىلگىرىلىمەكتە، داۋاندەك ئېگىز دۆڭ ئۈستىگە ئۆرلىمەكتە، دۆلەتباغ، ئارا باغ ① تەرەپلەرگە ئۆمتۈلمەكتە. چۈنكى بۈگۈن (1933- يىل 5-ئاينىڭ 4- كۈنى) خوجا نىياز ھاجىمنىڭ يېقىن سەپدىشى، ئەنچىلىك ۋەكىلى — تۆمۈر سىجاڭ كەلمەكچى، ئەركىنلىك جەڭچىلىرى كەلمەكچى!

تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئارام ئېلىپ ئۆتۈشى ئۈچۈن ئالاھىدە راسلانغان چېدىر ئەتراپىدا تۇرۇپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق. ئۆگزە - ئۆگزىدىكى قىز - ئاياللار، تېرەك شاخلىرىدىكى ئوغۇل باللارنىڭ كۆپلۈكىچۇ تېخى! ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلا تەرەپكە — تۆمۈر سىجاڭنىڭ يولىغا كۆز تىكمەكتە، تەلپۈنمەكتە. قانچىلىغان كىشىلەر كالا، قوي - قوزا يېتىلىۋاپتۇ. «ئەپسۇسلىنارلىق ئىش، تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش!— ھەسەتخورلۇق ئوغىسى مىڭ يېرىدىن تېشىپ چىقىۋاتقان خوجا ئىشان غودۇرىماقتا ئىدى،— شۇنچە ئۇلۇغ مازار - ماشايىخلارغا سەدىقە - نەزىر قىلىشقا كۆزى قىيمىغان سەرخىل ماللىرىنى بىر توپىلاڭچى ھارۋىكەشنىڭ شەرىپىگە قۇربانلىق قىلماقچى بولۇشقىنى نېمىسى؟ شۇنچىلا مالنى ھارام قىلىشىدىغان بولدى - دە، ئىمانى سۇسلىشىپ كەتكەن بۇخۇتۇنتالاقلار! — خوجا ئىشان ئەندىكىپ كەتتى، — تېشىمغا چىقىپ كەتكەنىمدۇ ئاۋازىم؟... شۈكرى، ھەر كىم ئۆز يولى، ئۆز ئويى بىلەن بەنت ئىكەن. ناغرا - سۇناي، داپ - دۇمباقلار ساداسى ئاسمان - زېمىننى لەرزىگە ساپتۇ. تەشۋىش بىھاجەت... ھە؟ ئۇسمان قىرغىزنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيدىغۇ؟ شۇنچە ئۇزاپ كەتكەنىمدۇ؟ ئىككىسىنىڭ قانداق كۆرۈشىدىغانلىقىنى دېمەيدىغان بولسام، نېمە قىلاتتىم مۇنچىلىك ئاۋارە بولۇپ؟ ... چۇۋا، ساغرىسىغا قامچا يېگەن ئات يولۇچىلار سېپىنى ۋە مىس رەڭلىك دولقۇن ياساپ ئېقىۋاتقان قىزىل دەرياسى باغرىنى يېرىپ ئۆتۈپ، ئارا باغقا يەتتى.

ئارامبەخش باھار شامىلى «فى سەبىلىللا» دېگەن خەت يېزىلغان بايراقنى تىنىمسىز لەپىلدەتمەكتە. ئالتۇن قۇياش جىمى نۇر ۋە ھارارىتىنى شۇ بايراق ئۈستىگە تۆكمەكتە. ئۇسمان تۆەنجاڭ يىراقلارغا تىكىلمەكتە. تىكىلگەنچە بويى ئۆسمەكتە، بويىنى ئۇزارماقتا. ئۇ يېتەكلەپ چىققان 400 جەڭچىمۇ ئۆز سەركەردىسىگە ئوخشاشلا ئىنتىزارلىق ئىچىدە. ئاتاقلىق باي - بايۋەتچىلەر، مەشھۇر موللا - ئۆلىمالار، ھەر قايسى يۇرت ۋە ھەر ساھە مۆتىۋەرلىرى، ھۈنەرۋەن - كاسىپلار، دېھقانلار تۆمۈر سىجاڭنىڭ يولىغا كۆز تىكمەكتە.

«تۆمۈر بىلەن ئۇسمان قانداق كۆرۈشەركىن؟» — خوجا ئىشاننىڭ ئويلايدىغىنى پەقەت شۇ ئىدى.

— كەلدى! ...— ئاسمانپەلەك سۈۋادان تېرەكنىڭ ئەڭ ئۇچىغا قونۇۋالغان ئوغۇل بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى.

— كەلدى! — تەڭ ۋارقىراشتى تېرەك، سۆگەتلەرگە يامىشىۋالغان باللار، — تۆمۈر سىجاڭ كەلدى!

كاناي - سۇناي، داپ - دۇمباق ساداسى كۆككە كۆتۈرۈلدى. ئوقتەك ئۇچۇپ كېلىۋاتقىنى بىر ئاتلىق يىگىت ئىدى.

① ئارا باغ — يېڭىشەھەر تەۋەسىدىكى گۈزەل، كۆجۈم مەھەللە، ئەينى زاماندىكى مۇھىم ئۆتەڭ.

— راست، كەپتۇ! — ئوسمان تۆەنجالا ئۆز خەۋەرچىسىنى يىراقتىن تونۇيلا ئاتتىن چۈشتى. ئۇ چوڭ قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە، تەرتىپ - ئىنتىزاملىق قوشۇن ئۆز سېپى بويىچە ئىلگىرىلىمەكتە. ھەر ساھە كىشىلىرى يورغىلىماقتا. خوجا ئىشان پاي-پاسلىماقتا: «ئىككىسى قانداقراق كۆرۈشەركىن؟»

— ئەنە، كەلدى!

— بىرىنچى بولۇپ ئاتتىن چۈشكەن كىشى شۇ!

تۆمۈر بىلەن ئوسمان ھىجران - جۇدالىق دەردىنى ئۆزۈن يىل تارتقان قان - قېرىنداشلاردەك قۇچاقلاشتى، ئىككى قوشۇن مەھكەم قۇچاقلاشتى. ئىككى ئېقىن بىر ئەزىم دەريانى ھاسىل قىلدى!

— ئامىن!

— ئامىن! ...

«رەھمەت - باركاللا»، «ياشىسۇن - كامال تاپسۇن!»، «ئۇررا» قاتارلىق مەدھىيە، چاقىرىق - خىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بۇ «ئامىن» ساداسى ئاسمان - زېمىننى لەرزىگە كەلتۈرمەكتە ئىدى.

— قىزىق ئىش، — دېدى ئوسماننىڭ ئوڭ قولىنى ئىككى ئالقىنىدا قىسىپ تۇرۇپ، — مېنىڭ ئېتىم تۆمۈر ئىبلى، سېنىڭ ئوسمان ئىبلى، خۇددى بىر ئاتىنىڭ بالىسىدەك.

— دېمىسىمۇ، بىر ئاتىنىڭ بالىسى ئەمەسمۇ بىز، تۆمۈر ئاكا؟

— يارايسەن، ئۇكام!

— ئاكا! — بۇلار قايتىدىن قۇچاقلاشتى، بىر جان - بىر تەن بولۇپ كەتتى. كۆزلىرىدە ئىسسىق ياش ئالغان سان - ساناقسىز كىشىلەر ئىختىيارسىز قول كۆتۈردى:

— ئامىن، قان - قېرىنداشلار ئىناقلىقىغا كۆز تەگمىسۇن، ئىلاھا ئامىن! ...

........

شۇ كېچە، ھېيتگاھ جامەسىنىڭ پەشتىقىدا ناغرا - سۇناي ساداسى، تۆمۈر سىجاڭ ئورۇنلاشقان قۇمدەرۋازا سىرتىدىكى ھەشەمەتلىك باغ ئالدىدا ناغرا - سۇناي ساداسى، ھەممە جايدا شادلىق ناۋاسى ...

دېرىزە - تۈڭلۈكسىز كىچىككىنە تىلاۋەتخانىسىغا بېكىنىۋالغان خوجا ئىشان ئىككى ئالقىنى بىلەن قۇلىقىنى مەھكەم ئېتىۋالغىنىچە كىرىپىدەك تۈگۈلۈپ ياتماقتا. سۇنايچىلار گويا ئۇنىڭ قۇلىقىغا پۈۋلىمەكتە، ناغرا - دۇمباقچىلار ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئۇرماقتا، يۈرەك بېغىشىغا ئۇرماقتا! كۆز ئالدىدا چۈشتىن بۇرۇنقى ئاجايىپ كۆرۈنۈش — ئىككى پالۋاننىڭ قۇچاقلىشىشى. گويا، يۈكسەك ئىككى قىيا بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ كەتمەكتە، قىيا ئۈستىگە يامىشىش قەستىدە بولۇۋاتقان چوڭ يىلان ئەجەل ۋەھىمىسى ئىچىدە تىپىرلىماقتا، كىچىككىنە يوچۇق ئىزدىمەكتە: ئاھ قاچانغىچە داۋاملىشار بۇ قۇچاقلىشىش؟! ...

— خوجام، ئىشان خوجام! — بۇ ئاۋاز گويا قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈۋاتقان بۇ ئادەمنى چۆچۈتۈپ ئويغىتىۋەتكەندى:

— ھە، نېمە دەيسەن؟ —دېدى جۆيلۈگەندەك.

— بىر قەلەندەر جانابىلىرىنى ئىزدەپ كەپتۇ!

— قەلەندەر؟!

— ئىمان ئېيتقان ھېلىقى ...

— قوغلا، ئۇ خوتۇنتالاقنى!

— ساغرىسىغا تەپسەممۇ كەتكىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ!

— نېمە دېدىڭ؟ ئىشىكنى ياپ، كىرىپ سۆزلە، ئالدىمغا كىرىپ! خوش، نېمە تەلەپى بار ئىكەن ئۇ قەلەندەرنىڭ؟

— بىلمىدىم، خوجام. چۈشتە ئېيتىپ قالغان

ئاشىنى بەرسەم يېمەمدى، نان بەرسەم ئالمىدى. كەچكىسىگە مۈشتىلىسامۇ، تەپسەمۇ كەتمەيۋاتىدۇ. «سەندە خوجا، مەندە گەپ» دېگىنى دېگەن.

— «گەپ»، — خوجا ئىشان ئويلىنىپ قالدى، — ئەجدادىدىن مىراس قالغان ياكى تېپىۋالغان قىممەت باھا بىر نەرسىنى ئېلىپ كەلگەن بولمىسۇن يەنە. بىر مۇنچە ھاللاردا، ئەڭ ياخشى سوۋغىلار مۇشۇنداق جۇلدۇر كىيىملەردىن چىقىپ قالىدۇ ئەمەسمۇ؟ — مال - دۇنيا تاماسى ئېسىلزادىلىق كىبىرى تەمەننىسى ئۈستىدىن غالىب كەلدى، — چاقىر، ھويلىغا كىرسۇن. مانا، مەنمۇ ماڭدىم.

چىراغ كۆتۈرگەن خىزمەتكار دەرۋىشنىڭ باشلىشى بىلەن پېشايۋان. تۈۋرۈكى يېنىغا كەلگەن بۇ «دىۋانە»نىڭ قەشقەردە پەيدا بولۇپ، غايىب بولۇپ يۈرگىنىگە ئىككى يىلدىن ئاشقانىدى. بېشىدا يېشىل تاۋار سەللە، ئۈچىسىدا پاختىلىق ئۇزۇن قارا نىمچا، قولىدا ئەجدىھا باشلىق ئەگرى-دوناي ھاسا، ھاسىغا بولسا، يەتتە - سەككىز خىل تاۋار لېنتا ئېسىلغان، يەلكىسىدە ئالا خۇرجۇن، ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغىنى — «لايىلاھە ئىللاللاھۇ مۇھەممەدۇر رەسۇلۇللاھ». خەلق ئارىسىدا ئىمان ئېيتقان كۆپارغا خەيرىخاھلىق قىلىشنىڭ «خاسىيىتى ئۇلۇغ، ساۋابى چوڭ» دېگەن ئەقىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، نى - نى پېخسىق - بېخىل ئادەملەرمۇ بۇ «دىۋانە»گە ئالاھىدە سەدىقە بېرەتتى. ئۇ بولسا «بى كۈندە بى ناڭ يېدى ما، مەندە شۈكە» دەيتتى - دە، تاپقان - تەرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ھەر خىل مېيىپ - مەجرۇھ تىلەمچىلەرگە بېرىۋېتەتتى.

— بىر كۈندە بىر نان يېسەم شۈكرى قىلىمەن دەۋاتىدۇ! — تەرجىمە قىلاتتى تونۇش تىلەمچىلەر، — غېرىب - مىسكىنلەرگە ئاتاپ كۆيۈنىدىغان ئىنساپ - دىيانەتلىك دىۋانە بۇ!

ئۈن - تىنىمسىز غايىب بولۇپ كېتىپ، ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ قالغان چاغلىرىدا تونۇش تىلەمچىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى سوئاللىرىغا: «خېتەن يىمامۇ ھسادىكى جاپەي مازادىما نامازى» دەپ جاۋاب بېرەتتى. بەزىدە «تولۇپان ئەسابۇكەبۇدىما...» دەيتتى - دە، دەرھال يۈكۈنەتتى، سەجدە قىلاتتى، دۇئا قىلغان ھالەتنى شەكىللەندۈرەتتى.

— ۋاھ، خوتەندىكى ئىمام سادىق جەئفەر خوجام مازارىنى تاۋاپ قىلىپ كەپتۇ ئەمەسمۇ؟ بۇ تاۋاپ قىلمىغان تۇرپاندىكى ئەسھابۇلكەھب ئارامگاھىمۇ قالماپتۇ! — دەيتتى كىشىلەر قايىللىق بىلەن. «ماڭغان دەريا، ياتقان بوردىيا» دېگەن گەپ ئەجەپ راستىكەنا؟ بەش دەرۋازىنىڭ سىرتىغا چىقىپ باقماي يېتىۋېرىپتىمىز چاچ - ساقاللىرىمىز ئاقارغىچە!

خوجا ئىشان بۇ «تىلەمچى»نى نەچچە قېتىم كۆرگەن، ئۇنىڭ قولىدىكى ئەجدىھا باشلىق ھاسىغا چەكچەيگەن ھالدا تىكىلگىنىدى. ئەنە ئۇ، كۆز ئالدىدا تۇرۇپتۇ، قولىدا يەنە شۇ ھاسا. «نېمە گەپى، قانداق سوۋغىسى باركىنە؟ ئېتىشۋازلىق بولغان جايلارنىڭ بىرىدىن غايىب خەزىنە تېپىۋالغانمىدىمۇ-يا؟ ئېھتىمال، شۇنداقمۇ بولغاندۇ. مۇنچىلا نەرسىنى كوچىدىكى قەلەندەرلەرگە بېرىۋەتكىلى بولمايدۇ - دە! ئېغىز ئاچمايدۇغۇ؟ بۇتتەك تۇرغىنى نېمىسى؟ قۇرۇق كېلىپ قالغان بولسا، خىجالەت بولۇۋاتقانمىدۇ - يا؟ ھېچ بولمىسا، ئاشۇ ھاسىنى قويۇپ كەتمەيدىغان بولسا!... ئاھ، ئەجدىھا باشلىق ھاسا، ئادەمنى خىزىرغا ئاپلاندۇرۇ-

ۋېتىدىغان خىسلەتلىك ھاسا!...» «قەلەندەر» ئاخىرى ئېغىز ئاچتى، چىراغ تۇتۇپ تۇرغان دەرۋىشكە قاراپ ئېغىز ئاچتى:

— سەندە، خوجا مەندە گەپ، سەندە كېتە!

— مەن نەگە كېتەتتىم؟ سەن كەت! — دېدى دەرۋىش ئاچچىقى بىلەن.

— سەندە كېتە! — ھاسىنى شىلتىمدى ۋە جىنچىراغنى يۇلۇپ ئالدى، — كېتە، كېتە!

خوجا ئىشان بىردەملىك تېگىرقاشتىن كېيىن ئېسىنى يىغدى. «ئۇنىڭدىن سىر تۇتۇۋاتقىنىغا قارىغاندا، سوۋغىسىنىڭ ۋەزنى ئېغىر ئىكەن - دە؟»

— سەن كېتىۋەر، — دەرۋىشنىڭ قارىسى يۆتكەندىن كېيىن تەكلىپ قىلدى، — قېنى، ئۆيگە كىرەيلى.

چىراغ كۆتۈرگەن «قەلەندەر» دېرىزە - تۈڭلۈكسىز تىلاۋەتخانىغا كىردى، ئىشىكنى زەنجىرلىدى. خوجا ئىشاننى سۈر باستى:

— سەن ... سەن زادى ... سەن؟...

— مۇنچە ھولۇقۇپ كەتمىسىلە، تەقسىر، قورقمىسىلا، تەشۋىشلەنمىسىلە، — شۇنچە ئېنىق ئۇيغۇر تىلى بىلەن سۆزلەيتتى ئۇ، — «ئۆلۈك دۇئاغا تويماپتۇ، تىرىك دۇنياغا» دېگەن سۆزنى رەت قىلمايلىغۇ دەيمەن. مانا بۇ 15 سەر ئالتۇن دەسلەپكى سوۋغا! — قاپقارا پاتقاق ئىچىدىن سۇغۇرۇۋالغان بىر جۇپ لاتا خېيى بىلەنلا تەتىللا يېكەنداز ئۈستىدە بەخىرامان ئولتۇردى، — مۇنچە ھەيران بولۇپ كەتمىسىلە. بۇ — پېقىرنىڭ ئىلتىپاتى ئەمەس، بىراۋنىڭ سوۋغىسى. بۇ — سىر، ئۇزاققىچە ئاشكارىلاشقا بولمايدىغان سىر. كەلسىلە، ئولتۇرسىلا، يۈز تۇرانە سۆزلىشەيلى. ھەببەللى!...

— خوش؟

— سىلى ئۆزلىرى تۆمۈر خەلىپە توپىلى-گىنى باستۇرۇشتا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن ئۇلۇغزات. ئابدۇقادىر داموللىنى ئۆبۇقتۇرۇپ ...

— ياق - ياق، ئۇ كىشىنىڭ ۋاپاتى بىلەن پېقىرنىڭ، — سەللىسى ئاستىدىن ئېقىۋاتقان تەرىنى سۈرتتى ئۇ، — پېقىرنىڭ ھېچقانداق...

— بۇ تۆھپىلىرى مەرھۇم ياڭ جاڭجۈنڭ ئالىيلىرىنىڭ دەپتىرىدىن شېڭ دوبەن جانابلىرىنىڭ خاتىرىسىگە ئەينەن كۆچۈرۈلگەن.

— نېمە؟ — تېخىمۇ چەكچەيدى، — سىلى، سىلى - ئۆزلىرى؟

«قەلەندەر» مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، گەپنى يۆتكىدى، — تۆمۈرنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئاراباغقىچە چىقتىلا، شۇنداقمۇ؟

— نېمە ئىلاج؟

— «ئاكا-ئۇكا» قۇچاقلاشتى. شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

— كېيىنچۇ؟

— ئىككىسى قايتا قۇچاقلاشقان ھامان كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ كېتىپتۇ... راستىمنى ئېيتسام، قانداق سۆز - ھەرىكەتنىڭ بولۇپ ئۆتكەنلىكىدىن پۈتۈنلەي بىخەۋەرمەن.

— شۇنداق، سىلى بىخەۋەر، پېقىر بولسا، تولۇق خەۋەردار!

— ھە؟!

— قورۇق تەخسىدىن بىرنى ئېلىپ كەلسىلە.

— قورۇق تەخسە؟

— ھەئە، — غاگزىغا ئاچچىق تاماكا تولدۇردى «قەلەندەر»، — بۇنىڭ كۈلىنى قاقىلى.

جىنچىراغ بىلەن غاگزىدىن تەڭ چىققان

ئاچچىق ئىس - تۈتۈن كىچىككىنە ئىسلاۋەتخانىنى بۇلۇتتەك قاپلىدى. «قەلەندەر» سۆزنى داۋاملاشتۇردى:

— «ئاكا - ئۇكا» قۇچاقلاشقاندىن كېيىنكى ئەھۋال زادى قانداق؟ قۇلاق سالسىلا، ئىشان خوجام.

— قۇلىقىم سىلىدە، — ئىشتائىتىمەنلىك بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىغا تىكىلدى ئىشان.

— ئۇلار ئاراباغدىن دۆلەتباغقا راۋان بولدى. ئوسمان شەھەرنى قانداق ئالغانلىقىنى زوق - ھەۋەس بىلەن سۆزلىدى. تۆمۈر جىم - جىت قۇلاق سالدى. ئاخىرى «ئىككى كۈن تەخىر قىلىشقا بولماسمىدى؟» دېگەن سوئالنى ئوتتۇرىغا قويدى.

— ئوسمانچۇ؟

— گەپ - سۆز قىلمىدى. جەزملەشتۈرۈش كېرەككى، بۇ قايىل بولماسلىق ھەتتا نارازىلىقنىڭ ئىپادىسى!

— شۇنداق دېگىلى بولارمۇ؟ ئوسمان قىرغىزنىڭ تۆمۈر ھارۋىدىكەشكە بولغان ئىخلاس-ئەقىدىسى بەك كۈچلۈكتەك قىلاتتى.

— ئوسمان قىرغىز سوغۇن چاغدا توپىلاڭ كۆتۈرۈشتىن بۇرۇن مەخپىي ۋەكىللىرى ئارقىلىق تۆمۈرگە خەت ئەۋەتكەن. خېتىدە «سىلە- ئاتا، بىز - بالا؛ بىز سىلە ئارقىلىق خوجا نىياز ھاجىغا بەيئەت قىلىمىز» دېگەن.

— خەۋىرىم بار، ئوسماننىڭ ئۆزى دەپ بەرگەن.

— تۆمۈر پەيزىۋاتقا كەلگەن چېغىدا، ئوسمان سالام - تازىمغا بارغان. تۆمۈر ئۇنىڭغا «شەھەرگە تەگمەي تۇرۇڭلار» دېگەن.

— راست، شۇنداق دېگەنىكەن.

— ئوسمان ئىسىملىك بۇ «بالا» نېمە ئۈچۈن تۆمۈر ئاتلىق «ئاتىسى»نىڭ سۆزىنى ئاڭلىمايدۇ؟ مۇنداق «بەگباش بالا»نى قايسى «ئاتا» ياخشى كۆرىدۇ؟ يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، ئوسمان - شەھەر ئالغان پالۋان، تۆمۈر - تەييار تەختكە چىققان پادىشاھ.

— بىراق، ئوسمان مۇنداق قارىمايدىكەن. تۆمۈر سىجاڭ مارالبېشى- تۇمشۇقتىكى قىرىق نەچچە كۈنلۈك قاتتىق جەڭ ئارقىلىق دۈشمەننىڭ ئاساسىي كۈچىنى يوقاتمىغان بولسا، شەھەر ئالالىشىم قىيىن ئىدى، دەيدۇ.

— ئۇيغۇرلاردا «چاۋاك ئىككى قولدىن چىقىدۇ» دېگەن ماقال بارغۇ؟ بىرىنىڭ ئىشەنچى سۇسلاشسا، ئىككىنچىسىنىڭ ئىخلاس-ئەقىدىسى سۇسلاشماي قالارمۇ؟ خوش، ئەمدى يېڭى مەسىلىگە كۆچەيلى: سىلە- ئۆزلىرى ئوسماننىڭ غەلىبىسىنى مەدھىيىلىگەن نەزمىلىرىدە «فى سەبىلىللا خېتى-بۇ ئەلەمنىڭ شۆھرىتى» دەپ يازغان.

خوجا ئىشان ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى:

— شۇنچىلىك ئىنچىكە يەرلىرىگىچە بىلىدىكەنلا- ھە؟ ئۇ نەزمىنى يېقىر مەقسەتلىك ھالدا شۇنداق تۈزگەن.

— بۇنىڭ تېگى- تەكتىگە يەتكۈچىلىكىم بار. تۆمۈرنىڭ ئالدىغا مۇرىت- مۇخلىسلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقمىغانلىقلىرىنىڭ سەۋەبىنىمۇ بىلگۈچىلىكىم بار.

— خىزىرنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتىمەن-دە، خىزىرنىڭ!

— ياق،— دېدى قەلەندەر ھىجىيىپ،— ئىشان خوجام، مادۇتەيىنىڭ ئۆتكەنكى يولۇقى يادىلىرىدىن چىقمىغاندۇ- ھە؟

— ئاتامنىڭ ۋەسىيىتىنى ئۇنتۇسام، ئۇنتۇغايمەنكى،... خاتىرجەم بولسىلا، قومۇللۇق، تۇرپان- توقسۇنلۇق مۇرىتلىرىم تەييار ھالەتتە؛

—ياخشى! بۇ ئىككى شوڭقارنى بىر- بىرىنىڭ كۆزىنى چوقۇيدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن.... — ئىككىسىنىڭ تىنىقى تېخىمۇ يېقىنلىشىشقا، سۆھبىتى يەنىمۇ چوڭقۇرلىششقا باشلىدى.

.......

تۆمۈر سىجاڭغا «ھەمكارلىشىۋاتقان» ماجەنساڭ قوشۇنى ئىككى كۈندىن كېيىن يېتىپ كەلدى، يېڭى مىلتىق، يېڭى كىيىملىك بۇ قوشۇن 300 ئاتلىقتىن تەشكىل تاپقانىدى. تۆمۈر سىجاڭ 200 ئەسكەر بىلەن، ئوسمان تۈەنجاڭمۇ 200 ئەسكەر بىلەن دۆلەتباغقىچە چىقتى. تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئالدىغا ۋەكىل چىقارمىغان ماشياۋۇ ماجەنساڭنىڭ ئالدىغا ئالاھىدە ۋەكىل چىقارغانىدى. ماشياۋۇ ۋەكىلىنىڭ ماجەنساڭ بىلەن قىزغىن قۇچاقلىشىپ كېتىشى ئوسمان تۈەنجاڭنى غەلىتە ھېس- تۇيغۇغا سالدى. ئۇ «قارىسىلا، تۆمۈر سىجاڭ» دېگەنىدى، تۆمۈر سىجاڭ «ھېچگەپ يوق، قېرىنداش ئەمەسمۇ؟» دەپ جاۋاب بەردى. ماجەنساڭ - ماشياۋۇ قوشۇنلىرى دوتەي يامۇل بىلەن ئامبال يامۇلغا ۋە يامۇل ئالدىدىكى ساراي بىلەن بۇتخانا ئارقىسىدىكى مالىيە ئىدارىسى قاتارلىقلارغا ئورۇنلاشتى. ئوسمان تۈەنجاڭ تېخىمۇ ھەيران بولدى:

—تۆمۈر سىجاڭ! — دېدى ئاگاھلاندۇرۇش تەرىقىسىدە، — ماشياۋۇ بىلەن ماجەنساڭ بىرلىشىۋالمىدىغان بولسا...

—تۆمۈر تېخى ھايات، سەن خاتىرجەم بولغىن.

ئوسمان تۈەنجاڭ ئوي- خىيال ئىچىدە گازارمىغا —يۇمۇلاقشەھەر قەلئەسىگە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ تونۇكۈندىن بېرى ئويلايدى-

خىنى مۇنۇ ئىدى: «ھالسىزلانغان، چۈشكۈنلەشكەن 200 چېرىك بىلەنلا قالغان ئۆلۈمتۈك قېرى ئەمدى... ئەمما، بىر ھۇجۇم بىلەنلا ئېلىۋەتكەن بولسامچۇ!...»

— تۈەنجاڭ، خوجا ئىشان تازىمغا كەپتۇ!

خىيالدىن ئويغانغان تۈەنجاڭ ھەر بىرىچە سالام بېرىپ، تىك تۇرغان خەۋەرچى يىگىتكە قاراپ بىر دەقىقە تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئىجازەت بەردى.

-كىرسۇن.

- خوپ! - يىگىت چىقىپ كەتكەندىن كېيىنلا خوجا ئىشان كىردى:

—ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئوسمان باتۇر ھەزرەتلىرى، ھارماي- ئاچماي قايتىپ كىرىشكەنلا؟ خەۋەر تېپىشىمچە، مازىخۇي ① دوتەي يامۇلغا ئورۇنلىشىپتۇ. ماشياۋۇ بىلەن ئالاھەزەل بىر- ئىككى سائەتتەك قۇچاقلىشىپ كەتكەنمىش. ماشياۋۇ «تولىمۇ قىيىن كۈنگە قالغانىدىم، دەل ۋاقتىدا كەلدىڭ؛ جېنىمغا جان، تېنىمگە دەرمان قوشۇلدى!» دەپ يىغلاپ كەتكەنمىش.

— مۇنداق دېسىلە، — ئۇنىڭ ئىككىلا جەينىكى تىزىدا، ئىككىلا قولى چېكىسىدە ئىدى. بۇ قوللار سېكۇنتسېرى چىڭىۋاتقان ئامبۇرنى ئەسلىتەتتى. خوجا ئىشان دەل پەيتىدە كىرگەنلىكىدىن ۋە سۆزىنىڭ دەرھاللا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىدىن مەمنۇن ئىدى. ئۇ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىش تەييارلىقىدا تۇرغاندا، پەتنۇس كۆتۈرگەن جەڭچى يىگىت بوسۇغىدىن ئاتلىغىنىچە تۇرۇپ قالدى.

—ھە، كىرىۋەرسىلە، خوجام، كىرىۋەرسىلە، — ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ پەتنۇسنى ئالدى، — چاينى ئۆزۈم قۇياي، قايتىۋەرسىلە، خوجام، پالۋان، قىزدىقىنە بىر پىيالە

① مازىخۇي— ماجەنساڭ

چاي ئىچىسىلە، دورا- دەرمەكلىرى راسا تەگ-
شەلگەندەك تۇردۇ. ھەيھەللىيا- ئۇنىڭ ئاغ-
زى خۇسۇمەت تۇمىسىنىڭ قاپقىقى ئىدى.
بۇ قاپقاق يەنە ئېچىلدى. ئۈچ- ئاداۋەت
لاتقىلىرى لۆمشۈپ چىقىشقا باشلىدى.بىر سە-
لە- ئۆزلىرى «بىر ھۇجۇم بىلەنلا شەھەر
ئالغانلىقىمنى تۆمۈر سىجاڭنىڭ مارالبېشى
تۇمشۇقتىكى چوڭ غەلبىسىدىن ئايرىپ قارى-
غىلى بولمايدۇ» دېگەن گەپنى تەكرار- تەك-
رار ئېيتتىلا. يەنە بىر تەرەپنى نېمە ئۈچۈن
ئېغىزغا ئالمايلا، پالۋان؟ سىلە- ئۆزلىرى
سوغۇن چازىدا ئىسيان كۆتۈرۈپ، ماشياۋۇ-
نىڭ بىر قانىتىنى سۇندۇرمىغان بولسىلا،
مارالبېشى تۇمشۇقتىكى جەڭدە ئۇتۇپ چى-
قالىشى مۇمكىنمىدى تۆمۈر سىجاڭنىڭ؟ بۇ
ئەمەلىي پاكىتنى نېمە ئۈچۈن ئېتىراپ قىلمايدۇ-
دۇ ئۇ كىشى؟ پەيزىۋاتقا يېتىپ كەلگەندە،
سالام- تازىمغا باردىلا، شەھەرگە يېقىنلاپ
كەلگەندە، ئارابىياغىچە ئالدىغا چىقتىلا.
«ئاتام، ئاكام» دەپ ھۆرمەت قىلدىلا، يول
قويدىلا. ئىخلاس- ئېتىقادلىرىدىگە لايىق
جاۋاب بەرسە بولمامدۇ؟ قان تۆكۈش، قۇر-
بان بېرىشلەردىن قورقماي شەھەر ئېلىپ،
تازىلاپ، تەييار قىلىپ تۇرغان سىلىدەك
بىر ساداقەتمەن پالۋانغىمۇ شۇنداق مۇئامى-
لە قىلامدۇ؟ «ئىككى كۈن تەخىر قىلساڭلار
بولماسمىدى» دەپ دوق قىلغىنى نېمىسى؟
بۇگۈن يەنە...

ئوسمان تۆەنجاڭ بېشىنى كۆتۈردى. مۇي-
سىپىت «ناتىق» قا ئاستىن نەزەر سالغاندىن
كېيىن مۇنداق دېدى:

— ئىشان خوجام ھەزرەتلىرى، پىقىرنى
شۇنچە ياخشى كۆرگەن، قەدىرلىگەنلىكلىرىگە
يۈز مىڭ رەھمەت.

—ئۆز نىجادچىسىنى قەدىرلىمىگەن نا-
دانلارنى ئادەم دېگىلى بولامدۇ، پالۋان؟

—ھەزرەتلىرى – پېشقەدەم ئولىما، يۇرت
مۆتىۋىرى، بىزنىڭ دۇئاگۇي ئاتىمىز. — سە-
مىمىيەت بىلەن دۇراجىئەت قىلدى، — ئاقىل
ئاتىنىڭ ئەڭ مۇدىم ۋەزىپىسى —ئۆز پەرزەنت-
لىرىنى ئۇيۇلتاشتەك ئىتتىپاقلاشتۇرۇش.
دۇئاگۇي ئاتىمىز ئورنىدا تۇرۇۋاتقان جاناب-
لىرىدەك بىر ئۇلۇغزاتنىڭ ۋەزىپىسىمۇ
ئۇنىڭدىن باشقىچە بولمىسا كېرەك. گې-
پىم توغرىمۇ، ئىشان خوجام؟

— توغرا، تامامەن توغرا! — دېدى ئىشان
چىرايىغا كۈلكە يۈرگۈرتۈشكە تىرىشىپ.

- قان - قېرىنداشلارچە ئىتتىپاقلىقىمىز-
نىڭ كۈندىن-كۈنگە مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن
دۇئا قىلىپ تۇرغايلا ۋە شۇ يولدا ماڭغايلا.

— ئەلۋەتتە - ئەلۋەتتە، — ئۇ، يەنە نېمە-
لەرنىدۇ دېمەكچى ئىدى، ئوسمان تۆەنجاڭ-
نىڭ كۆزى يۇمۇلغان ۋە قوشۇمىسى تۈرۈل-
گەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىچكى تىلىنى ئىشقا
سالدى: «ئىشەنچ ۋە ساداقەت بۆشۈكىدە
شېرىن چۈش كۆرۈپ يېتىۋەر، ئىسيانچىم
قىرغىزا!»

يۇمىلاقشەھەر قەلئەسىنىڭ قوش قەۋەت
دەرۋازىسىدىن چىققان قارا ئايغىر ئۆز ئوقۇ-
رى جايلاشقان شىمال تەرەپكە يورغىلىغانى-
دى، خوجايىنى ئۇنىڭ تىزگىنىنى تارتتى:

— تۆمۈر سىجاڭ بېغىنىڭ نەدىلىكىنى
بىلمەمسەن؟ كۈنپېتىش تەرەپكە يورغىلا،
جانىۋار! — ئات ئۇستىدىكى زات تۆمۈر سى-
جاڭغا ئېتىماقچى بولغانلىرىنى يادلاشقا كې-
رىشتى، — ئوسمان تۆەنجاڭ نېمە ئۈچۈن جا-
نابلىرىنىڭ پەرمانى بويىچە ئىش قىلماي،
شەھەر ئېلىشقا ئالدىراپ كېتىمدۇ؟ شەھەرنى
ئېلىش جەريانىدا بىر مۇنچە قان تۆكۈلدى،
قۇربان بېرىلدى. جانابلىرى يېتىپ كەلگۈ-
چە تەخىر قىلغان بولسا، مۇنداق بىھۇدە
چىقىم بولمايتتى ئەمەسمۇ؟ قۇدرەتلىك ۋە

غالىپ قوشۇنلىرىنىڭ قارىسى كۆرۈنگەن ھامان بەش دەرۋازىنى داغدام ئېچىۋەتمەسمىدى مادوتەي دېگەن توخۇ يۈرەك؟ مۇنداق بولۇشىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى ئوسمان تۆەنجاڭمۇ ئوبدان بىلەتتىغۇ؟ شەھەر ئېلىش ئارقىلىق ئۆزىنى كۆرسەتمەكچىمۇ؟ جانابلىرى بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرماقچىمۇ؟ ... كىمنىڭ ئەسكىرىنى قەيەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش جانابلىرىنىڭ ئىشى. ماشياۋۋ - ماجەنساڭ ئەسكەرلىرىنىڭ دوتەي يامۇلىنىڭ ئىچى - سىرتىدا تۇرۇشىنى سىلە - ئۆزلىرى قارار قىلغان ئەمەسمۇ؟ بۇ دانا قارارغا نارازى بولۇشقا نېمە ھەققى ئۇنىڭ؟ ھەر بىر قارار، ئەمر - پەرمانلىرىنى ئۇنىڭ ماقۇللۇقى ۋە تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈش شەرتمىكىن؟ تۆمۈر سىجاڭ ئالىيلىرى، ئۇنىڭ مەقسەت - مۇددىئاسىنىڭ تېگى - تەكتىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەيلا...

تۆمۈر سىجاڭنىڭ مۇئامىلىسى، جاۋابى، تەۋسىيىسىمۇ ئوسمان تۆەنجاڭنىڭكىدىن پەرقلەنمىدى. ئوسمان تۆەنجاڭنىڭ سوغۇن چازىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن تۆھپىسىگە يۇقىرى باھا بەردى. «مېنىڭ مارالبېشى تۆمۈشۇقتا غەلىبە قازىنىشىمغا ئالاھىدە ياردەم بەردى» دەپ ماختىدى. ئاخىرىدا، قان - قېرىنداش ئىككى سەركەردە بىلەن قان - قېرىنداش ئىككى قوشۇننىڭ بىرلىك - ئىناقلىقى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ تۇرۇشىنى تەۋسىيە قىلدى.

......

ئەجدىھا باشلىق ھاسا تۇتقان «قەلەندەر» ھالقىلىق پەيتلەردە يوقلاپ تۇراتتى. بۇلار ئىككى سەركەردىنىڭ ئەھۋالى ۋە روھىي ھالىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى تەھلىل قىلاتتى.

بىرزە «يەتتەچى قېلىنلىقتىكى مۇز بىر كۈندىلا توڭلىمايدۇ» دېگەن ماقال بار، - دېدى «قەلەندەر» خوجا ئىشاننى رەغبەتلەندۈرۈپ، - باغ بىلەن قەلئە ئوتتۇرىسىغا تۆككەن تەرلىرى مېۋە بەرمەي قالمايدۇ.

- بىخ سۈرۈشكە باشلىدى! - دېدى خوجا ئىشان غورۇرلانغان ھالدا.

- قايسى تەرەپتە؟

- باغ تەرەپتە! - خوجا ئىشان تەپسىلىي بايان قىلدى.

خوجا ئىشان تۆمۈر سىجاڭ قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى تاڭ سەھەردىلا تۇرپان - تۇقسۇنلۇق مۇرىتىدىن يەتتىنى ئەگەشتۈرگەن ھالدا سالام - تازىمغا باردى. ھۆرمەت - تەكەللۇپ سۆزلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۇلارنى تونۇشتۇردى:

- بۇلار - سەركەردە ئالىيلىرىنىڭ ئۆز يۇرتداشلىرى، چەكسىز ساداقەتمەن كىشىلىرى. بىر قانچە ئايدىن بۇيان، كەمىنە قۇللىرىغا ئوخشاشلا، نۇسرەتلىك يوللىرىغا مۇنتەزىر، مۇبارەك قەدەملىرىگە ئىنتىزار ئىدى. جانابلىرىنىڭ مارالبېشىغا يېتىپ كەلگەنلىكلىرى توغرىسىدىكى خۇشخەۋەرنى ئاڭلاش بىلەنلا، سەركەردە ئاتىمىزنىڭ ئالدىغا بارساق، ئايىغىنى تاۋاپ قىلساق، خىزمىتىدە بولساق، دېگەن تەلەپنى قايتا - قايتا ئىزھار قىلىشقانىدى.

- شۇنداق، سەركەردە ئاتا! - دېدى يەتتىسى تەڭ ئېگىلىپ.

خوجا ئىشان سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

- بۈگۈنمۇ ئەنە شۇنداق تەشنالىق ۋە تەقەززالىق ئىچىدە تۈننى تاڭغا ئۇلاپتۇ. تۈنجى خوراز چىللاش بىلەن تەڭ ئالدىمغا كەپتۇ. سەركەردە ئاتىمىزنىڭ نۇرانە دىدارىنى بىر كۆرۈۋالساق...

— مۇبارەك ئاياغلىرىنى تاۋاپ قىلىشاق... — تۆمۈر سىنجاڭنىڭ پۇتىنى تەڭ قۇچاقلاشتى، يۈز - كۆزىگە سۈرۈشتى يەتتە مۇرىت، — سەركەردە ئاتا، خىزمەتلىرى ئۈچۈن جېنىمىز پىدا!!

— نېمە قىلغىنىڭلار بۇ؟ تۇرۇڭلار، يۇرتداشلىرىم، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، — دېدى تۆمۈر سىنجاڭ ۋە بوقۇلداپ يىغلاپ كېتىۋاتقان بۇ كىشىلەرنى بىر - بىرلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى، — مېنى مۇنچە خىجىل قىلماڭلار. مەن خىزىر - ئەۋلىيا ئەمەس، ھاجى ئاتىمىزنىڭ بىر ئەسكىرى، سىلەرگە ئوخشاشلا بىر بەندە.

بۇ يەتتە ئادەمنىڭ تىزلىنىپ تۇرغىنى تۇرغان، «سەركەردە ئاتا، خىزمەتلىرىدە بولۇشىمىزغا ئىجازەت بەرگەيلا» دەپ يالۋۇرغىنى يالۋۇرغانىدى. خوجا ئىشان تونۇشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— بۇلار، كەمىنىلىرى ئەسھابۇلكەھەب ئارامگاھىنى تاۋاپ قىلىۋاتقان مەزگىللەردە قانات ئاستىمغا كىرگەن يېتىم چۈجىلىرىمدى. دۇنياغا تۆرەلگەندىن بۇيان ئاتا راھىتى، ئانا لەززىتى كۆرەلمىگەن بۇ بىچارىلەرنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرمىغايلا. ھەممىسىلا ئىشىنىڭ ئېپىنى، بۇ شەھەرنىڭ ئوي - چوڭقۇرىنى بىلىدۇ. يۈگۈر - يېتىملىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. بىر قانچە كۈنلۈك ئۇيقۇسىزلىققا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ...

تۆمۈر سىنجاڭ پاكىز يۇيۇنغان، رەتلىك كىيىنگەن، چاچ - ساقاللىرى چىرايلىق ياسىتىلغان بۇ ساداقەتمەن يۇرتداشلىرىغا قاراپ ئويلىنىپ قالدى: بۇ شەھەرگە ئەمدىلا چۈشتۇم. ھەر ساھە، ھەر تەبىقە مۇتىۋەرلىرى بىلەن زىچ ئالاقە ئورناتماسام بولمايدۇ. شەھەرنىڭ ئوي - چوڭقۇرىنى پىششىق بىلىدىغان مۇنداق ئىخلاسمەن كىشىلەرنىڭ يېنىمدىراق تۇرغىنى تۈزۈك. يەنە كېلىپ، ھەممىسى ئۆز يۇرتلۇق ئىكەن.

شۇنداق قىلىپ، بۇ يەتتە كىشى تۆمۈر سىنجاڭنىڭ يېنىدا قالدى. ھەتتا تىلىنىڭ ئەۋرىشىملىكى، ئايىغىنىڭ ئىتتىكلىكى، ئۇيقۇسىنىڭ سەگەكلىكى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تۆمۈر سىنجاڭغا يېقىپ قالدى.

— ئېيتقىنا، خوجا ئىشان قانداقراق ئادەم؟ — دەپ سوراپتۇ ئاخشام ئۇچىسىنى تۇتۇپ قويۇۋاتقان گايىت ئىسىملىك مۇرىتتىن، — ئوسمان تۆەنجاڭ بىلەن مۇناسىۋىتى ئوبدانمۇ؟

— ئىمانى كامىل، ئابرويلۇق زات! — دەپ ماختاپتۇ ئۇ، — جانابلىرى [illegible] باش كۆتۈرگەن چاغدىلا بىزگە خۇشخەۋەر يەتكۈزگەن. «قۇمۇلدىن قۇياش كۆتۈرۈلدى، تۇققۇزدىن ئاي — ئونتەش كۈنلۈك تولۇن ئاي!» دەپ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ كەتكەن. ئوسمان تۆەنجاڭ شەھەر ئالغاندىمۇ شۇنداق خوش بولۇپ كەتكەن. نەچچە مىڭ ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ سالام - تازىمغا بارغان. بىراق، ئوسمان تۆەنجاڭ... سىنجاڭ ئاتا، بۇ ئىشلارنى سوراپ نېمە قىلىدىغانلا؟ سۆزلىسە تىل كۆيىدۇ، سۆزلىمىسە يۈرەك.

— گايىت، سۆزلە، قورقماي، قورۇنماي سۆزلەۋەرگىن.

— ئوسمان تۆەنجاڭ شەھەر ئالغان كۈنى ئىشان خوجام ھەزرەتلىرى ناھايىتى خوش بولۇپ كېتىپ، بىر نەزمە تۈزگەن. ئۇنى بىز بىر قانچە يۈز ئادەم ئوسمان تۆەنجاڭنىڭ ئالدىدا تەكرار - تەكرار ئوقۇغان. ئوسمان تۆەنجاڭنىڭ خاپا بولۇشى ۋە ئاداۋەت ساقلىشىنى خىيالىمىزغا كەلتۈرمىگەنىكەنمىز.

— ئېيتقىنا، نېمە دەپ يېزىلغان نەزمە ئىدى ئۇ؟

— «فى سەبىلىللا خېتى — بۇ قوشۇننىڭ شۆھرىتى» دەپ.

— مۇنداق دە؟ — دەپتۇ تۆمۈر سىجاك.

— سىجاك ئاتا، — دەپتۇ گايىت خېلىدىن كېيىن، — ئوسمان تۆەنجاك سىلە بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرامدۇ نېمە؟

— قانداق دەيسەن؟

— مازىخۇيىنىڭ ئالدىغا سىلە 200 ئەسكەر بىلەن چىقسىلا، ئۇمۇ 200 ئەسكەر بىلەن چىقىپتۇ. ئاڭلىسام، ئىككى مۇھاپىزەتچىسى بىلەن چىقماقچىكەن، سىلىنىڭ 200 ئەسكەر بىلەن چىقىدىغانلىقلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن...

— مۇنداق - دە؟ — دەپتۇ تۆمۈر سىجاك يەنە بىر قېتىم...

خوجا ئىمشاننىڭ بايانىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان «قەلەندەر» ئىنتايىن خوش بولۇپ كەتتى:

— راست، بىخ سۇرۇپتۇ، تۆككەن تەرلىرى راستىنلا بىخ سۇرۇپتۇ! «مۇنداق دە؟» دېگەن سوئالنىڭ ئىككى نۆۋەت ئېغىزدىن چىققانلىقى — خۇشاللىنارلىق نەتىجىمىز!

— شۇنداق، ئەلۋەتتە!

— ئەمدىلىكتە بىز...

تاڭ ئاتتى. خوجا ئىمشان يۇمىلاقشەھەر قەلئەسىگە راۋان بولدى. ئۇ كىرگەندە، ئەسكەرلەر تەرلەپ - پىشىپ كەتكەن ھالدا ئېتىشۋازلىق، قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق مەشقى قىلىشىۋاتاتتى. يەڭلىرىنى جەينەككىچە تۈرۈۋالغان ئوسمان تۆەنجاك يەر بېغىرلاپ ئېلىشىرلەش ئۆلگىسىنى كۆرسىتىپ بېرىۋاتاتتى.

— قالتىس ئىش بوپتۇ! — دەپ ماختاپ كەتتى خوجا ئىمشان، — ئەزىمەتلەر مانا شۇنداق چېنىقتۇرۇلىدىغان بولسا!... — ئوسمان تۆەنجاڭنىڭ ماشياۋۋۇ - ماجەنساڭلارنى دۇتەي يامۇلدىن ۋە پۈتۈن شەھەر تەۋەسىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىش مەقسىتىنىڭ بارلىقىنى ئېنىق بىلمىدىغان بۇ كىشى كۆپ - پاڭچىلىققا كىرىشتى، — شەھەرنىڭ جان تومۇرى ئۇ ئىككىسىنىڭ قولىدا تۇرسا، بىز خاتىرجەم بولالمايدىكەنمىز. شەھەر ئاھالىسى ھېلىمۇ تەشۋىش ئىچىدە. تۆمۈر سىجاڭغا ئېيتايلى دېمەك، ئۇ كىشى شۇنچە ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ، نۇرغۇن جەڭ قىلىپ، ھېرىپ - ئېچىپ ئاران كەلدى. ئەسكەرلىرى ئىچىدە ئاغرىق - سىلاق، يېيىپ - مەجرۇھلارمۇ ئاز ئەمەس. مەلۇم مەزگىل ئارام ئالمىسىمۇ بولماس. جانابلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى بۇ ئەزىمەتلەر بولسا، تۇتۇرگە ئۇرۇشى بىلەن شەھەر ئېلىش ئۇرۇشىنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكەن. غەيرىتى يۈكسەك، روھى جۇشقۇن؛ ئىرادىسى مۇستەھكەم. بىر ھۇجۇم بىلەنلا دۇتەي يامۇلنى ئالالىشىدا گەپ يوق. بۇ ئىش تېز پۇرسەتتە ۋۇجۇدقا چىقىدىغان بولسا، پۈتۈن شەھەر خەلقىنىڭ كۆڭلى ئارام تاپقان بولار ئىدى. تۆمۈر سىجاڭمۇ جانابلىرىنىڭ قوماندانلىق تالانتىغا ۋە كۈچ - قۇدرىتىگە تەلتۆكۈس قايىل بولغان بولار ئىدى...

بۇ تەلەپنى ئۇ، بىر مۇنچىلىغان شەھەر بايلىرى، ئەل - جامائەت مۆتىۋەرلىرى ئاغزى ئارقىلىقمۇ ئوتتۇرىغا قويدى. ئادەتتىكى ھۈنەرۋەن - كاسىپ، سودا - سېتىقچىلار «ۋەكىللىرى» ئارقىلىقمۇ دېگۈزدى. ھۇجۇمغا ئاتلىنىش پىكىرىدە چىڭ تۇرۇۋاتقان ئوسمان تۆەنجاڭ ئاخىرى قول ئاستىدىكى ئەسكەر باشلىقلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشتى - دە،

تۆمۈر سىجاڭدىن ئىجازەت ئالماستىنلا ئوت ئېچىشنى قارار قىلدى.

ئۇرۇش تاڭ سەھەردە باشلاندى. ئوسمان تۇەنجاڭنىڭ يىگىتلىرى بەش تەرەپتىن تەڭ ھۇجۇمغا ئۆتتى. دوتەي ياموۇل سىرتىدىكى ئورۇن ۋە ئىستىھكاملار بىر سائەت ئىچىدىلا ئىشغال قىلىندى. ياۋاشلىق بىلەن شەرتسىز قورال تاپشۇرغان چېرىكلەر ئامان قالدى، تەرسالىق قىلغانلىرى بېشىنى يېدى.

ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن تەڭ يېتىپ كەلگەنلى تۇرغان خەلق ئېقىمىنى بىردەمدىلا چوڭ كەلكۈنگە ئايلانغانىدى. بۇ كەلكۈن قۇدرەتلىك شاۋقۇنلايتتى: «ئامىن - ئامىن!...»

جەڭگە قوماندانلىق قىلىۋاتقان ئوسمان ئېلى ھاياجانلانماقتا، كۈچ - قۇدرەتكە تولماقتا ئىدى: «تۆمۈر سىجاڭ ئۆز كۆزى بىلەن بىر كۆرسە ئىدى بۇ ھالەتنى، ئۆز قۇلىقى بىلەن بىر ئاڭلىسىدى خەلق ساداسىنى!...»

— تۆمۈر سىجاڭدىن بۇيرۇق: ھۇجۇم دەرھال توختىتىلسۇن!

«ئاھ، چارەك سائەت ئىچىدىلا ئېلىكىمىزگە ئۆتمەسمىدى بۇ گېزەندىلەر ئۇۋىسى؟! ئامال قانچە؟ بۇيرۇق دېگەن بۇيرۇق - تە!»

— ئۇرۇش توختىتىلسۇن!

ئېتىشۋازلىق توختىدى، شاۋقۇن تىنجىدى. ھاڭ - تاڭ قالغان ئەسكەرلەر بىلەن خالايىقنىڭ كۆڭلىدە بىرلا سوئال: «نېمە ئىشتۇ بۇ؟»

ئۇچقاندەك كەلگەن پىكاپ دوتەي ياموۇل دەرۋازىسى ئالدىدا توختىدى. ئىككى مۇھاپىزەتچىسى بىلەن بىللە يېتىپ كەلگەن تۆمۈر سىجاڭنىڭ بىرىنچى سوئالى مۇنۇ ئىدى:

— ئوسمان تۇەنجاڭ، نېمە ئىش بۇ؟!

— تۆمۈر سىجاڭ، خەلقنىڭ ساداسىغا...

— بەس، چېكىنىڭلار!

— شەرتىمىز بار! — ئوسمان تۇەنجاڭنىڭ تەلەپپۇزىمۇ قاتتىق ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى لېيەنجاڭلارنىڭ چىرايىدىمۇ بىر خىل جىددىيلىك ئالامەتلىرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— قېنى، شەرتىڭلارنى ئوتتۇرىغا قويۇڭلار، — دېدى تۆمۈر سىجاڭ بىر ئاز يۇمشاپ.

— ماجەنساڭ - ماشياۋۇ ئەسكەرلىرى شەھەردىن چىقىپ كەتسۇن، ماشياۋۇنىڭ ئۆزى شەھەردە قالسۇن؛ دوتەي ياموۇل ئىچىدىكى قورال - ياراق، ئوق - دورا ۋە باشقا مەنقۇلاتلارنىڭ ھەممىسىنى قالدۇرۇپ چىقىپ كەتسۇن. يېڭىشەھەردە ساقلىنىۋاتقان قورال - ياراقلارنىڭ يېرىمىنى ئۇلار ئالسۇن، يېرىمىنى بىز.

— شەرتىمىزگە كۆنمەيدىغان بولسا، ...، — ئاخىرغىچە ئۇرۇش ئىرادىسىنى نامايەن قىلىشتى لېيەنجاڭلار.

ماجەنساڭ - ماشياۋۇ چېرىكلىرىنى شەھەردىن قوغلىۋېتىش - كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك تەلىپى ئىكەنلىكىنى تۆمۈر سىجاڭمۇ بىلەتتى. ماجەنساڭ بىلەن زىتلىشىپ قېلىشنىمۇ خالىمايتتى.

— خوپ، مەن سۆزلىشىپ چىقاي، — تۆمۈر سىجاڭ دوتەي ياموۇل تەرەپكە قاراپ دادىل قەدەم تاشلىدى.

— ئامىن!...، — مىڭلىغان خەلق ئۆز سەركەردىسىنىڭ تىنچ - ئامانلىقى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن دۇئاغا قول كۆتۈردى.

تۆمۈر سىجاڭ تۆت سائەتلىك بەس-مۇنازىرە ئۇرۇشنى غەلىبىلىك ئاياغلاشتۇرۇپ، خەلق قوينىغا ساق - سالامەت قايتىپ كەلدى!

— شەرتىمىزنى قوبۇل قىلمىسا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇلار مۇشۇ سائەتتىن ئېتىبارەن يۆتكىلىشكە باشلايدۇ. قالغان گەپنى كېيىنچە دېيىشەيلى! — تۆمۈر سىجاڭنىڭ پىكاپى سۇسقىنا چاڭ كۆتۈرۈپ يۈرۈپ كەتتى.

باغدا ئۆتكۈزۈلگەن كەچكى يىغىن يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشتى. ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز گېپى، ئۆز مەۋقەيىدە مەھكەم تۇرۇشتى. كەسكىن بەس - مۇنازىرە قىلىشتى، ئاچچىقلاشتى، قايناشتى. ئاخىرى پەسكويىغا چۈشتى، ئىتتىپاقلىق — بىرلىكنىڭ ھەممىدىن ئەۋزەللىكىنى تەكىتلەشتى.

— ماجەنساڭنىڭ قانداق نىيەتلىكىنى ئانچە - مۇنچە بىلىمەن، — تۆمۈر سىجاڭ ئۇنىڭ خېلىدىن بۇيان تەييارغا ھەييار بولۇپ كېلىۋاتقان ھارامزادىلىكلىرىنى بىر قۇر ئەسلەپ ئۆتكەندىن كېيىن مۇنداق دېدى، — بۇگۈنمۇ يەنە ئۆزى قول قويغان كېلىشىمنىڭ سىياھى قۇرۇماي تۇرۇپلا بىۋاپالىق، نامەردلىك، خىيانەتكارلىق قىلدى. قالدۇرۇپ كېتىشكە تېگىشلىك قورال - ياراق، ئوق - دورىلارنى ئوغرىلىقچە يۆتكەپ، ئاخىرى تۇتۇلدى، رەسۋا بولدى! ئوسمان تۈەنجاڭ يىگىتلىرىنىڭ سەگەكلىك بىلەن نازارەت قىلىپ، 200 تال يېڭى مىلتىق، 17 ساندۇق ئوقنى قولغا چۈشۈرگەنلىكى — ئالاھىدە نەتىجە!.. شۇنىمۇ ئۇنۇتماسلىقىمىز شەرتكى، باش قوماندانىمىز خوجا نىياز ھاجىم جانابلىرى بىلەن ماجۇڭيىڭ بىر سەپتە جەڭ قىلىۋاتىدۇ. ماجەنساڭ — ماجۇڭيىڭنىڭ ئادىمى. مۇنداق سۈركىلىش ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەر داۋاملىشىۋېرىدىغان بولسا، ھاجى ئاتىمىز بىلەن ماجۇڭيىڭنىڭ بىرلىكىگە تەسىر يېتىپ قالىدۇ، ئىنقىلابىمىزنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىگە تەسىر يېتىپ قالىدۇ ... مەن مارالبېشىدىكى چېغىمدىلا ھاجى ئاتىمىزغا مەكتۇپ ئەۋەتكەن. سىلەر كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، ئەندىشە قىلىۋاتقان ۋە ئالدىراۋاتقان مەسىلىلەر ھەققىدە يوليورۇق سورىغان. ئالاقىچىلىرىمىز يېقىن كۈنلەر ئىچىدە كېلىپ قالار. ھاجى ئاتىمىزنىڭ يوليورۇقى يېتىپ كەلگۈچە تەخىر قىلايلى.

. . . . . . .

سابىق دوتەي ماشياۋۇ ھايات بىخەتەرلىكىگە ۋە مال - مۈلكىنىڭ دەخلىسىزلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا تۇتۇپ قېلىنغانىدى. ئۇنى نازارەت ۋە مۇھاپىزەت قىلىش مەجبۇرىيىتى ئاتاقلىق باي، باجگىر ئىبراھىم لوزۇڭنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. ماشياۋۇ ئۇنىڭ سەمەندىكى بېغىدا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مۇغەممەر ماشياۋۇ ئىبراھىم لوزۇڭغا مۇنداق دېدى:

— ماجەنساڭ ئەسلىدە مېنى يېڭىشەھەرگە مەجبۇرىي ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، گۆرۈسۇپىتىدە تۇتۇپ تۇرماقچى ئىدى. سىزنىڭ يېنىڭىزدا قالغىنىم تولىمۇ ئوبدان بولدى. بىراق ماجەنساڭ تولىمۇ تەرسا بىر نېمە. مېنى بۇلاپ چىقىپ كېتىشكە تەۋەككۇل قىلىپ قالسا، تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالىمىز. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، پېقىر يۇرت سورىغان توققۇز يىل مابەينىدە ئاز بولمىغان سەۋەنلىكلەرگە يول قويۇلدى. بىر تالاي كىشىلەر ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىدى، سورۇلدى - خانىۋەيران بولدى. بۇنىڭغا ھازىر ناھايىتى ئېچىنىمەن، ئەپسۇسلىنىمەن. بىھۇدە ئازاب چەككەن ئاشۇ كىشىلەردىن بىرى ياكى بىر قانچىسى ئەنت ئېلىشقا بەل باغلايدىغان بولسا، مەنمۇ «ئەلھۆكمۇللىللا» دەرمەن. لېكىن ئوغرى ماجەنساڭ بۇنى دەستەك

قىلىۋېلىپ، غەۋغا كۆتۈرۈلۈشنى يانىمايدۇ. سىزمۇ قىيىن ئەھۋالدا قېلىشىڭىز مۇمكىن. تۆمۈر سىجاڭ ئىجازەت بېرىدىغانلا بولسا، بىر يۈز ئەسكەر ئالسىڭىز، ئەل - يۇرت تىنچلانغىچە، باغنىڭ ئىچى - سىرتىنى مۇھاپىزەت قىلسا.

بۇ تەكلىپ تۆمۈر سىجاڭنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتى. قورال - ياراقلىرى تۆمۈر سىجاڭ تەرىپىدىن بېرىلىدىغان بۇ ئەسكەرلەرنىڭ كىيىم - كېچەك ۋە تەمىناتىنى ئىبراھىم لوزۇڭ ئۆز ئۈستىگە ئالدى. شۇنداق قىلىپ، 100 ئەسكەر بۇ باغنىڭ ئىچى - سىرتىنى قوغدايدىغان بولدى.

كۈن - تۈنلەر جىمجىتلىق ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى. كىرپىك قاقماي تۈننى تاڭغا ئۇلاش جەريانىدا! بىرەر دۈشمەنلىك ھەرىكەتنىڭ شەپىسىنى سەزمىگەن بۇ ئەسكەرلەر زېرىكىشكە، بىخۇتلىشىشقا باشلىدى. تومۇز پەسلىنىڭ تىنجىق - دىمىق كۈندۈزلىرىدىكى مېۋىلىك - مېۋىسىز دەرەخلەر سايىسىدە ئېغىناپ يېتىش بىلەن ئۆتكۈزۈپ، كېچىلىرى نە - نەلەردىكى قىمار سورۇنلىرىغا چاپىدىغان بولدى. ئىبراھىم لوزۇڭ ئۆز تىجارىتى بەنت، تۆمۈر سىجاڭ «100 ئەسكەر نازارەت قىلىۋاتىدۇ» دەپ خاتىرجەم ئىدى.

ئەجدىھا باشلىق ھاسا تۇتقان «قەلەندەر» ئانچە - مۇنچە كېلىدىغان بولۇپ قالدى. قورالىق دېھقان يىگىتلىرى ئاشقان - تاشقان نەرسىلەرنى بەرسە، «ئېچىپ كېتىپتۇ، كۆكىرىپ قاپتۇ» دېمەستىن ئاچكۆزلۈك بىلەن يەپ تۈگىتەتتى؛ «رەخمەت، رەخمەت» دەپ ئىڭىلدايتتى. يىگىتلەر ئۇنى ئاغرىتىپ، «ھەي جاڭگۇيدى، مە، بۇنى يە، بۇنى ئال» دەپ ئۇنى - بۇنى تەڭلەيتتى. «جاڭگۇيدى - ما خوجايىنىڭ دەيدۇ گەپۇ، مەندە ئەمەسى خوجايىنىڭ» دەپ جاۋاب بېرەتتى.

— «جاڭگۇيدى - خوجايىن دېگەن گەپ ئىكەن» دەپ كۈلۈشۈپ كېتەتتى يىگىتلەر، — چۈلدۈر كىيىمەن قەلەندەرنىمۇ خوجايىن دەپ يۈرگىنىمىزنى قاراڭلار! — يىگىتلەردىن بىرى تەكلىپ بەردى، — كاچا قىزنىڭ تىلىنى ئانىسى بىلىدۇ، دېگەندەك، بۇنىڭ زۇۋانىنى مادوتەي بىلىدۇ. گەپكە سېلىپ، ئانچە - مۇنچە ئىچ پۇشۇقىنى چىقارمىسۇنمۇ؟

— مادوتەي كۆرۈشەرمۇ بۇ دىۋانە بىلەن؟

— دەپباقمايلىمۇ؟ كۆرۈشمەيمەن دېسە، ھەيدىۋەتسەك بولمىدىمۇ؟

— ئۆزۈڭ دەپباق ئەمىسە.

ماشياۋۇ رازى بولدى. ھېلىقى يىگىت بۇ «قەلەندەر» نى ماشياۋۇ بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ قويدى. ئىككى سائەتلەردىن كېيىن قايتىپ چىققان «قەلەندەر» ھەر چامدامدا بىر قېتىم «بىسمىللايى رەخمانۇررەخىمۇ» دەيتتى.

— «بىسمىللا» دېيىشنى بىر دەمدىلا ئۆگىنىۋالغىنىنى قاراڭلار! ئەجەب تىللىق مۇشۇ قەلەندەر ئىكەن! — دەپ خۇشال بولۇشتى ۋە ئەجەبلىنىشتى يىگىتلەر، — ھەي گاداي، ئانچە - مۇنچە كېلىپ تۇر جۇمۇ!

— رەخمەت، رەخمەت.

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئىبراھىم لوزۇڭ «شۇنچە يوغان دوتەينىڭ ئەرزىمەس بىر قەلەندەر بىلەن سۆزلىشىپ يۈرگىنى نېمىسى؟» دەپ ھەيران قالغانىدى، ماشياۋۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خاتىرجەم بولدى، ھەتتا ئىچ ئاغرىتىپ قالدى.

— مۇسۇلمانچىلىقنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىنى بىلىۋېلىشقا تەشنا ئىكەن. ئىشنى «بىسمىللا» نى ئۆگىتىشتىن باشلىدىم. يالغۇز-

چىلىقتاز يېرىكىپ قالغانىكەنمەن، بىر دەم-يېرىم دەم گەپكە سالدىم. خۇدانىڭ ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر ئەمەسمۇ؟

ئىبراھىم لوزۇڭ ئويلىنىپ قالدى؛ مادۇتەي— يۇرت سوراپ ئۆتكەن كاتتا ئەرباب. مۇنداق نەزەربەنتلىك تۇرمۇشتىن زېرىكمىدۇ، سىقىلمىدۇ. كەگرەك تۇتاي، جاندىن، جاھاندىن بىزار بولغۇدەك ھالغا يېتىپ قالمىسۇن يەنە.

بىر كۈنى ئەتىگەنلىك چاي ۋاقتىدا چوڭقۇر ئېچىنغان، ئەپسۇسلانغان قىياپەتتە ماشياۋۇ مۇنداق دېدى:

— ياڭ زىڭشىن ئالىيلىرى ھايات چېغىدىلا مەن ھەربىي خىزمەتتىنلا ھوددىسىدىن چىقىش، مەمۇردي خىزمەتتىن ئىستىپا بېرىش ھەققىدە ئىلتىماس سۇنغانىدىم. قەشقەرنىڭ دوتەيلىكىگە جانابىڭىزنى كۆرسەتكەنىدىم، قالتىس ئابروي - ئىناۋەتلىك زات، تالانتلىق ئەرباب، سەممىي - سادىق كىشى دەپ تونۇشتۇرغانىدىم. ئۇكىشى ئىلتىماس ۋە دوكلاتلىرىمنى تەستىقلاشتىن بۇرۇن ئاخىرەتكە سەپەر قىلدى. بۇ تەلەپنى جىن شۇرېنغا يوللاي دەپ بولغۇچە، ئۆزىنىڭ تۆتىنچى ئىنىسىنى سىلىڭلىققا تەيىنلەپ ئەۋەتتى. غىڭ قىلالماي قالدىم. شېڭ دۇبەن ئالىيلىرىغا ئېيتاي دەپ تۇرغىنىمدا، بۇ ئەھۋالغا دۇچ كەلدىم. دوتەيلىككە يارايدىغان بىردىنبىر كىشى - سىز ئىدىڭىز. ئەپسۇسكى ...

— ياخشى كۆڭۈللىرىڭىزگە رەھمەت، مادۇتەي ئالىيلىرى، — دېدى ئىبراھىم لوزۇڭ دەكىكە - دۈككە ئىچىدە، — تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئۆز يۇرتلۇق يېقىن بۇرادىرى يۇنۇسبەگنىڭ دوتەيلىكىنى قوللايمەن، ھىمايە قىلىمەن. دوتەيلىكتىن تامايىم يوق ھەم قاملاشتۇرالمايمەن. مۇنداق گەپنى ئېغىزغا ئال-

خۇچى بولمىغايلا، كۈن ئالغىلى قويغايلا.

ئىبراھىم لوزۇڭ دوتەي بولۇشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان بولسىمۇ، ماشياۋۇنىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىپ قالدى. ئۇنىڭدىن ھال سوراشقا چىققۇچىلارنىڭ سۆز - سۆھبەتلىرىدىكە ھېچقانداق چەك قويمىدى. تۆمۈر سىجاڭنىڭ ماشياۋۇ ھەققىدىكى سوئاللىرىغىمۇ «ئىستىقامەت بىلەن ئۆتىۋاتىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىۋەردى.

ماشياۋۇنى خۇپىيانە يوقلاپ تۇرىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى. زاۋال ۋاقتىدا پەيدا بولىدىغان بۇ ئادەملەرنىڭ قايسى ۋاقىتتا ئۇزاپ كەتكەنلىكىنى بىلىش بولمايتتى. ئەجدىھا باشلىق ھاسا تۇتقان «قەلەندەر» كۈندۈزى چىقاتتى، ماشياۋۇدىن «ئۆگەنگەن»لىرىنى ئۈنلۈك يادلىغاچ كىرىپ كېتەتتى.

بۈگۈن ئەلنەغمىسىز، داغدۇغىسىز زىياپەت بولۇۋاتقانىدى. پاقا يوپۇرمىقى، ئېگىر ۋە سېرىق گۈللەر بىلەن ئورالغان كۆلنىڭ يان تەرىپىدىكى سەيناغا گىلەم، كۆرپە - يىكەندازلار سېلىنغان. سورۇننىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالغان ماشياۋۇ قوش ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ چىلىم تارتماقتا ئىدى. خوجا ئىشان قاتارلىق توققۇز نەپەر كاتتا زات ئۆزئارا پىچىرلاشماقتا، ئىككى - ئۈچ سائەتتىن بۇيان بولۇپ ئۆتكەن سۆز-سۆھبەتلەرنىڭ ئۆز مەنپەئەتىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزمەكتە ئىدى. ساھىبخان — ئىبراھىم لوزۇڭ تاسادىپىي رەۋىشتە جەم بولۇپ قالغان بۇ مېھمانلارنى يېيىشكە، ئىچىشكە تەكلىپ قىلىش بىلەن بەنت ئىدى. ئالدىراش كىرگەن قوراللىق مۇھاپىزەتچىدىن بىرى خەۋەر يەتكۈزدى.

— لوزۇڭ بېگىم، ئۈچ تۇڭگان مادۇتەي

بىلەن كۆرۈشمەمىز دەپ كېتىپتۇ!

ماشياۋۇ ئىبراھىم لوزۇڭغا سوئال نەزەرىدە تىكىلدى. باشقىلار «كىرسۇن - كىرسۇن» دېگەنلىكى تۇردى.

— باشلاپ كىر، — دېدى ئىبراھىم لوزۇڭ ئازراق ئىككىلىنىشتىن كېيىن.

— مادوتەي ئالىيلىرى! — تىڭ يىقىلىپ ماشياۋۇنىڭ پۇتىنى قۇچاقلىدى ئۈچ تۈگىگان، — بىز چىددىيالمىدۇق، بەرداشلىق بېرەلمىدۇق، بىزگە رەھىم قىلسىلا، ئاتىدارچىلىق قىلسىلا!

—تۇر ئورنىڭدىن! — غەزەپ بىلەن بۇيرۇق قىلدى ماشياۋۇ، — راۋۇرۇس تۇرۇپ، يىغلىماي، پۇتلىرىنى ئېقىتماي سۆزلەش! ئەسكەردەك تۇرۇشمايدۇ بۇ ھارامتاماقلار! — يىغىسىنى دەرھال توختىتىپ، بۇتتەك قېتىپ تۇرغان ئۈچىگە قاراپ دېدى، — ھە، نېمە گەپ؟ ھەربىي قائىدە بويىچە دوكلات قىل!

ئۈچ ئېغىزدىن چىققان گەپنىڭ جۇغلانمىسى مۇنداق ئىدى: ماجەنساڭنىڭ قولىغا قالغان بىز — ماشياۋۇ ئەسكەرلىرىنىڭ كۈنى تەس، ئەھۋالى ئېچىنىشلىق. ماجەنساڭ ئەسكەرلىرى ئۆزىنى خوجايىن ھەتتا قۇتقۇزغۇچى خۇدا دەپ بىلىدۇ. بىزنى قولدىنمۇ پەس كۆرىدۇ. كىر - قاتلىرىنى يۇغۇزىدۇ، پۇت - قوللىرىنى تۇتقۇزىدۇ، چاچ - تىرناقلىرىنى ئالغۇزىدۇ، تەرەت قاچىلىرىنى تۆكتۈرىدۇ. كېچىلىرى يېزا - كەنتلەردىن قوي، كالا، توخۇ - ئۆردەك ئوغرىلاپ كېلىشكە مەجبۇرلايدۇ. ھەتتا قىز - ئاياللارنى بۇلاپ كېلىشكە زورلايدۇ. ئۇنىمىساق ئۇرىدۇ، دۇمبالايدۇ، ھەتتا ئانىدىن تۇغما ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇپ، بەدقىلىقلىق قىلىدۇ! «سەنلەرنى بىز ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالغان، ئېشەك ئورنىدا مىنىشكىمۇ ھەققىمىز بار!» دەپ داۋراڭ سالغىنى سالغان! بۇ كۈلپەت - ئاھانەتلەرگە چىددىيالمىغانلاردىن ئىككىسى ئۇلارغا يانغانىدى، كۆز ئالدىمىزدىلا ئېتىپ تاشلىدى. قېچىپ كەتكەن بىرىنى نەيزە سانجىپ ئۆلتۈردى! بىزنىڭ كۆرۈۋاتقىنىمىز ئىتنىڭ كۈنى! بىزگە رەھىم قىلسىلا، ئاتىدارچىلىق قىلىپ، ئۆز يانلىرىدا ئېلىپ قالسىلا، دوتەي ئاتا!...

— مەن دوتەي ئەمەس، لوزۇڭ جانابلىرىنىڭ ئىختىيارىدىكى بىر تۇتقۇن.

— ئۇنداق دېمىسىلە، دوتەي ئالىيلىرى، تۇتقۇن بولغانلىرى نېمىسى؟... — دەپ يالۋۇرۇشتى مېھمانلار. — لوزۇڭ جانابلىرىمۇ سىلىنى تۇتقۇن قاتارىدا كۆرۈۋاتقىنى يوق. لوزۇڭ بېگىمنىڭ مېھمىنى سىلە، بىزنىڭمۇ ئەزىز مېھمىنىمىز.

«دەردمەن» ئۈچ ئەسكەر ئىبراھىم لوزۇڭغا ئىلتىجا قىلدى:

— لوزۇڭ بېگىم، خىزمەتلىرىدە بولۇشىمىزغا رۇخسەت قىلغايلا! — خوجا ئىشان ئېغىز ئاچتى: — يەتكۈچە ئازاب - كۈلپەت تارتىپ، ئۆزلىرىدىن باشپاناھلىق تىلەپ كېلىپتۇ. ئاتىدارچىلىق قىلسىلا، لوزۇڭ بېگىم. خىزمەتلىرىنى بەجا كەلتۈرسۇن، ئەسكەر يىگىتلەرگە ئېتىشىۋازلىق، قىلىچۋازلىقنى ئۆگەتسۇن. تۆمۈر سىجاڭ ئاڭلىسىمۇ، باشقىچە گەپ قىلالماس.

— ماقۇل، تۇرۇۋەرسۇن. تۆمۈر سىجاڭغا ئۆزۈم جاۋاب قىلارمەن، — دېدى ئىبراھىم لوزۇڭ. كېلىش سەۋەبى «قەلەندەر» بىلەن ماشياۋۇدىن باشقىلارغا نامەلۇم بولغان بۇ ئۈچ «دەردمەن» تەكشى تىزلىنىپ، مىننەتدارلىق بايان قىلدى، قەسەم بەردى.

. . . . . .

ئاي - يۇلتۇزسىز كېچە. قاپقارا لىباسلىق ئىككى كىشى قارا ئايغىرغا قامچا سالماقتا. بىر ئاتلىقنىڭ ئاستىدا خۇرجۇن باردەك قىلىدۇ، يەنە بىرىنىڭكىدە ھېچنېمە يوق. بۇلار نەدىن كەلگەندۇ؟ نەگە بارىدىغاندۇ؟ نېمانچە ئالدىرايدىغاندۇ؟ دۆلەتباغ يولى تەرەپتىن كەلگەن بۇ ئادەملەر نەزەر باغ تەرەپكە قايرىلدى، تۈمەن دەرياسىنىڭ شەرقىي شىمالىي قىرغىقىنى قاپلىغان قويۇق بوزجالىق ئىچىدە غايىب بولدى. ئەنە، چىقتى، قورغان تەرەپكە قاراپ چېپىپ كەتتى. ئىشان خوجامنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا توختىغىنىغا قارىغاندا، ھىدايىتۇللا ئىشان خوجىنىڭ روھى - ئەرۋاھىغا ئاتاپ نەزىر - سەدىقە ئېلىپ كەلگەن ئىخلاسمەنلەر ئىكەنلىكىدە شەك يوق. خۇرجۇندىكى قىممەت باھالىق سەدىقە بۇيۇملىرىنى ئوغرى - قاراقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىپ قالمىسۇن دەپ، ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي چېپىشقانىكەن - دە؟

- نېمە بۇ؟ ئەسكى چاپان، يىرتىق تامبال كۆتۈرۈپ كېلىشكىنىنىڭ نېمىسى؟! - ھاياجانلىق ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، يالىڭاياغ ھالدا ئىشىك ئاچقان خوجا ئىشاننىڭ تۇنجى سوئالى شۇ ئىدى، - نېمە بۇ؟!

قاپقارا لىباسلىق ئىككى ئادەمنىڭ تۇرۇۋاتقىنى - خوجا ئىشاننىڭ كىچىككىنە تىلاۋەتخانىسى، خۇرجۇندىن چىقارغىنى - ئىككى دانە ئەسكى چاپان - ئىشتان، نەچچە يېرىدىن ياماق چۈشكەن ئىككى جۈپ كۆن ئۆتۈك قاتارلىق نەرسىلەر ئىدى.

- بۇنىڭدىن باشقا نەرسە يوقمۇ؟

- يوق، خوجام.

- خەت يوقمۇ؟

- يوق.

خوجا ئىشان ۋارقىرىدى:

- سۆزلە، خوتۇنتالاق، بۇ نەرسىلەرنى نېمە ۋەجىدىن ئېلىپ كېلىشكىنىڭنى سۆزلە!

- خوجام، قورۇپ ئۆلەي دېدۇق. كېلىمىزنى بىر نەمدۇۋالغان بولساق.

- ئولتۇرۇپ تۇرۇش، ئۆزۈم ئەكىرىپ بېرەي . . . ئىچىڭگە شال تېرىۋېلىشقانىدەك ئىچىۋېرىشكىنىنى! ساقال - بۇرۇتلىرىڭنى سۈرتۈشمەمسەن؟ گەپ قىلىشە ئەمدى!

خوجا ئىشان «قەلەندەر» بىلەن ماشياۋۇزنىڭ تەلەپپى بويىچە، مارالبېشى - قەشقەر ئارىلىقىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنلىرىدە مەخسۇس پايلاقچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. قارا لىباسلىق ئىككى مەخلۇق شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى. بىرىنچىسى مەغرۇرلانغان، ئۆز ئىشىغا تەمەننا قويغان ھالدا سۆزلەشكە باشلىدى:

- ئىنىسى - جىن توختىمايدىغان جەزىرە ئاچىلىدا يېتىۋەردۇق - يېتىۋەردۇق، قىلتىقىمىزغا ئادەم تۈگۈل خەۋەرچى كەپتەرمۇ چۈشمىدىغاندەك ئەمەس؛ ئىشان خوجامغا ئەمدى نېمە دەرمىز، قانداق جاۋاب بېرەرمىز دەپ تىت - تىت بولۇپ تۇرساق، ئۈنۈپ چىققاندەكلا پەيدا بولۇۋاتامدۇ بۇ ئىككىسى!

- «ئىككىسى»؟

- ھەئە، مۇشۇ ئەسكى - تۈسكىلەرنىڭ ئىگىلىرى. قارىساق بۇ يەرلىكتەك ئەمەس، تۆمۈر ھارۋىكەشنىڭ ئەسكەرلىرىدىكىلا ئوخشاۋاتامدۇ؟ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، يول قاياققا؟ دېسەك، «قاشقارغا» دەۋاتامدۇ؟ شۇ، بىز كۈتۈۋالىدىغان ئەزىز مېھمان شۇ! دېدۇق. ئىززىتىنى قىلدۇق، تەشنالىقىنى قاندۇردۇق، ئېتىنى سۇغاردۇق. قەشقەرگە سەپەر قىلىشتىكى مەقسەت - مۇددىئاسىنى سورىساق، گەپ ئوينىتىۋاتىدۇ تېخى! بىزگە بوي بەرمەيدىغاندەك ئەمەس. بىرلا شەرەت قىلىۋىدىم، . . .

— سەككىز قىرلىق چويۈن چوماق بىلەن بىر سالپىتىكەنمەن! . . .

— يەنە بىردەم قاپلاندەك كۈچى بار نېمە ئىكەن. تاس - تاماس قالدى مېنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغىلى!

— بويىنىغا سىرتماق سېلىپ، شۇنداق تارتىپتىكەنمەن! . . .

— توختا! گەپ سوراپ باقايلى دەپ توسىۋالمىغان بولسام، ئۇنىمۇ . . .

— گەپ سوراشتىڭمۇ؟ نېمە دېدى؟

— سەن ماجۇگىيىڭنىڭ خەۋەرچىسى، ماجەنساڭنىڭ قېشىغا كېتىۋاتىمەن، شۇنداقمۇ؟ دېسەك، ماجۇگىيىڭ دېگەننى شۇنداق سەت تىللاپ كەتتىكى . . .

— خەتنى چىقار دېسەك، «خەت يوق» دەيدۇ. كىمگە قانداق خەۋەر ئېلىپ كېتىۋاتىسەن؟ دېسەك، زۇۋان سۈرمەيدۇ. گەجگىسىگە تاياق تېگىۋاتسا، ئوڭ پۇتىنى قوچاقلاپ ياتىدۇ. توختا، ئۇنىڭ ئوڭ پۇتىدا بىر ھېكمەت بار دېدىم. پۇتىنىڭ لىپىكىنى كۆكۆم - تالقان قىلىۋەتكىچە، مانا بۇ بىر پاي ئۆتۈكنى سالدۇرغىلى بولمىدى دېسىلە، خوجام.

— مۇنداق دە؟ — ئاشۇ بىر پاي ئۆتۈكنى قولىغا ئالدى خوجا ئىشان، — جەسەتنى نەگە يىغىشتۇردۇڭلار؟

— شامگۈر ئىچىگە.

— پەمبىڭلار جايىدا. ئەمدى بەھوزۇر ئارام ئېلىڭلار.

— لەببەي، خوجام.

— جىندەك تەخىر قىلىڭلار.

— خوش، خوجام، — ئارقىغا يېنىشتى ئۇلار.

— ئىسمىنى بىلەلىدىڭلارمۇ؟

— ئىسمىنى؟ — بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ قالدى ئىككىسى، — چوماق يېگىنىنىڭ ئېتىنى چاقىردۇۋاتقانتىمۇ يەنە بىرى؟ تىلىمىنىڭ ئۇچىدا بار ئىدى. ئەستا! . . .

— تاپتىم - تاپتىم! — خۇمارى تۇتۇپ، ئوت ھەلەكچىلىكىدە قالغان بەڭگى سەرەڭگە تېپىۋالغاندەك خوش بولۇپ كەتتى، «شانىياز ئاكا!»، «رازى بول سالى!»

— راست، بىرىنىڭ ئىسمى شانىياز، بىرىنىڭ سالى!

— شانىياز، سالى، — دەپ تەكرارلىغاندىن كېيىن مۇغەمبەرلەرچە تىكىلدى خوجا ئىشان، — ھەپتە - ئون كۈندىن بۇيان نېمە ئىش بىلەن مەشغۇل بولدۇڭلار؟

— ئاپپاق خوجامغا قارشىلىق ۋەخپە يەرلەرنىڭ ئىجارە ھەققىنى سۈيلەش بىلەن!

— تۆگە كۆردۈڭلارمۇ؟

— نۆزەمبىللا، كۆرمىدۇق، خوجام!

— خوپ، ئەمدى چىقىڭلار. مۇشۇ دەقىقىدىن باشلاپ، گاس، گاچا، قارىغۇسىلەر.

— شۇنداق، خوجام.

— خوجا ئىشان ئىشىكنى زەنجىرلىدى. چىراغنىڭ پىلىكىنى چىقاردى. يېنىدىن ئايرىمايدىغان سۆڭەك ساپلىق قەلەمتىراشنى ئالدى. بىر پاي ئۆتۈكنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ بىر ھازاغىچە كۆزەتكەندىن كېيىن چەمنى ئاجرىتىشقا كىرىشتى. ئۇ، ھاياجانلانغان، ئالدىرىغان ۋە ھولۇققانىدى. ئاجرىغان چەم ئىتنىڭ تىلىدەك ساڭگىلاپ قالدى. «بۇ نېمە ئىش؟ قەغەز دىدارى كۆرۈنمەيدۇ - يا؟ پاشنا ئىچىگە سالغانمىدۇ - يا؟ توغرا ناھال يېڭى قېقىلغاندەك قىلىدۇ. پاشنا ئىچىدە بىر گەپ بار. چوقۇم بىر گەپ بار!» ناھال ئاستىغا قەلەمتىراشنىڭ ئۇچىنى كىرگۈزدى. قايرىدى، كۆچەپ قايرىدى. ئۇچى سۇنغان ۋە ئۆز يۆنىلىشى بويىچە قاتلىنىشىپ كەتكەن قەلەمتىراشنىڭ ئۆتكۈر قۇيۇق بىسى ئۇنىڭ كۆرسەتكۈچ

بىر مەقسەتنى قاپ ئوتتۇرىدىن ئۈزۈ-
ۋەتكىلى تاس - تاماس قالدى. قويۇق قاندانە-
چىلىرى ئەسكى ئۆگزىدىن تامچە ئۆتكەندەك
توختاۋسىز تامچىلىماقتا ئىدى. سول قولى-
نىڭ باش بارمىقى بىلەن ئۇزاققىچە ئۇۋۇلى-
دى، يەنە توختايدىغاندەك ئەمەس. «نېمە
قىلغۇلۇق ئەمدى؟ كونا قاپاقنىڭ لېشى بول-
سا، باسقان ھامان توختايتتى...»
ئاغرىق ئازابى ئىچىدە ئاجايىپ بىر ئەقىل
تاپتى. «راست، چىلىم قاپىقى بار ئەمەسمۇ!»
جىنچىراغنى كۆتۈرگىنىچە مېھمانخانىغا چىق-
تى. تەكچىگە تىزىپ قويغان چىلىم قاپىقىنى
قولىغا ئالدى - دە، تىلاۋەتخانىسىغا ياندى.
نوغۇچتەك سېپى بار يۇمىلاق بۇ نوگاي جىن-
چىراغ شولىسىدا مىستەك پارقىرايتتى. نوگاي-
نىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورنىتىلغان تۇچ چوغدان
ئالتۇن تاجدەك سۈلەتلىك كۆرۈنەتتى. «ئاھ
چىلىم، نى-نى سورۇنلارغا كەيىپ ۋە ھوزۇر
بەخش ئەيلىگەن خىسلەتلىك چىلىم! نى- نى
ئۇلۇغ زاتلارنىڭ ئاغزى تەگكەن، نەزىرى
چۈشكەن ئەتىۋار چىلىم! سېنى بۇزارمەنمۇ،
سېنى ئۆز قولۇم بىلەن چاقارمەنمۇ ئەمدى؟
ياق، كۆزۈم قىيمايدۇ، يۈرىكىم چىدىمايدۇ...
ۋاي، ۋايجان! ئەجەب ئاغرىپ كەتتى بۇ قول؟
جېنىمنى ئالامدۇ نېمە بۇ كىچىككىنە يارا؟
بولدى، جان بولسا جاھان، ئالتۇن قاپاق
بولساڭمۇ، مېھرىڭدىن كەچتىم!»... تۇچ چوغ-
داننى ئېھتىيات بىلەن قومۇرۇۋالدى. سول
قولىنىڭ ئوتتۇرا بارمىقىنى چىلىم تۆشۈكى-
دىن كىرگۈزۈپ، تاتلاپ باققانىدى، ھېچنېمە
چىقمىدى. «چاقاي، چاقمىغىچە، بىر نېمە
چىقىدىغاندەك ئەمەس». كۆزىنى يۇمۇپ تۇ-
رۇپ دەسسىدى. قۇرۇپ كەتكەن نوگاي پارچە-
پارچە بولۇپ كەتتى. تۆشۈك ئەتراپى قىرىپ
ۋە تاتلاپ نېپىزلىتىۋېتىلگەن، ساپ تەردىمۇ
ياغاچ بىلەن كوچىلاپ راۋانلاشتۇرۇۋېتىلگەن
بۇ نوگاينىڭ ساپىقا تۇتاش تەردىمىدىنلا ئاز-
تولا لەش چىقتى. قەلەمتىراشنىڭ كۆتۈك
ئۇچى بىلەن ئاۋايلاپ سويۇۋېلىنغان يالپاق-
يالپاق لەشمۇ قات - قېتىدىن كۆكىرىپ كەت-
كەنىدى. خوجا ئىشان سەللىسىنىڭ ئۇچىدىن
بىر سويامچە يىرتىۋېلىپ، ئۈچ قاتلاپ
تەييار قىلغاندىن كېيىن بىر يالپاق لەشنى
يارىسى ئۈستىگە قويدى، رەخت بىلەن يۆگە-
دى، بارغانچە چىڭ يۆگىدى. «ياداۋا، ياشى-
پا... ۋايەي - ۋايجان!...» لەش ئىچىگە سى-
ڭىپ كەتكەن كۈچلۈك نەشە زەھىرى جان-
جېنىنى ئۆرتىمەكتە، ھاياتىغا خىرىس قىلى-
ماقتا ئىدى. «ۋايجان! تۇز باسسام بولماسمى-
دى، زەمچە باسسام بولماسمىدى، نۆشىدىل
باسسام بولماسمىدى، ئۇنىڭ ئورنىغا! قايسىڭ-
لار ئويغاق؟ ۋايجان!...» تاشقىرىغا چىقماقچى
بولدى، ئىشىك زەنجىرىگە قول ئۇزاتتى.
«ۋايجان!.... مەن بولالمىدىم»... بوسۇغا
تۈۋىدىلا يىقىلدى...

قاپقاراڭغۇ كېچە. خىلۋەت بىر جايدا قەد
كۆتۈرۈپ تۇرغان يالغۇز شامگۆر. شامگۆر ئىچىدە
ئىككى كالىمەك ئالتۇن. خوجا ئىشاننىڭ قو-
لىدا قويۇچ قەلەمتىراچ. ئۇ، شامگۆر ئېغى-
زىنى كولىماقتا. خام خىش بىلەن پۇختا ئېتى-
تىلىپ، كاكۇل لاي بىلەن سۇۋۇۋېتىلگەن بۇ
ئېغىزنى ئاچماق نېمە ئانچە قىيىن - ھە؟
لېكىن ئۇنىڭدا ئالتۇن بار، ئىككى كالىمەك
ساپ ئالتۇن! «تىلىم بىلەن يالاپ، تىرنىقىم
بىلەن كولاپ بولسىمۇ ئاچمايدىغان بولسام،
سەئىدزادە بولماي كېتەي!» دەپ قەسەم ياد
قىلدى ئۇ. ئاخىرى ئېچىلدى، كىچىككىنە يو-
چۇق ئېچىلدى! ئەنە، ئالتۇن شولىسى، نېمان-
چە سېھىرلىكتۇ بۇ ئالتۇن شولىلار؟... يورۇق
بارغانسېرى كېڭەيمەكتە. قولى پاتقىدەك،

بېشى ياتقىدەك، كەۋدىسىمۇ بىمالال ياتقىدەك. جانىجان ئالتۇن، شاھى جاھان ئالتۇن، كەل، قويىنۇمغا كەل، ئىلكىمگە ئۆت!...»

قانداق مۆجىزە بۇ؟ نېمە كارامەت بۇ؟ كاللەك ئالتۇنلار ئوتقا ئايلاندى، لاۋۇلدىغان يالقۇنغا ئايلاندى، يالقۇن قوينىدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقىنى نېمە؟ ئادەم، بېشىغا ئالتۇن قۇببىلىق كۇمۇچ دۇبۇلغا، ئۇچىسىغا ساۋۇت كىيگەن، قىپقىزىل نەيزە تۇتقان ئىككى ئادەم! ئۇلار ئېغىز ئاچتى. گويا دەھشەتلىك بوران گۈركىرىدى، ئۇلدۇرماما گۈلدۈرلىدى:

— ساڭا ئالتۇن كېرەكمۇ، ئەي قاتىل، مال - دۇنياغا تويمايدىغان قارا يۈرەك قاتىل!؟

— ياق - ياق، مەن بۇ يەرگە ئىستىقامەت قىلغىلى كەلگەن، — دېدى خوجا ئىشان كېكەچلەپ، — تۆۋە - ئىستىغپار ئېيتقىلى كەلگەن.

— جاۋاب بەر، قاتىللىق قورالىڭنى كۆتۈرۈپ ئىستىقامەت قىلىدىغان قانداق تەقۋادارسەن؟!

— ياق، بۇ قاتىللىق قورالى ئەمەس، قەلەمتىراش؛ خۇدا بەرگەن رىسقى - نېسىۋەمنى بۆلۈپ - پارچىلاپ يېيىشكە ئىشلىتىدىغان كىچىككىنە بۇيۇم.

— قانچىلىغان بىگۇناھ مۇسۇلمانىنىڭ ھاياتلىق يولىنى كېسىپ تاشلىغان ۋە كېسىپ تاشلاشقا تەييار تۇرغان زەھەرلىك شەمشەردە، كاززاپ!

— كاززاپلىق قىلغان بولسام، تىلىم قۇرۇسۇن، زۇۋانىم ئۆچسۇن!

— يالغان قەسەم — مۇناپىقلارنىڭ ئىقابى، قالقىنى! سەندەك قارا يۈرەك مۇناپىق بىلەن مۇنازىرە قىلىپ تۇرۇشقا ۋاقتىمىز يوق. زەھەرلىك شەمشەر تۇتقان قولۇڭ شۇمۇ، مۇناپىق؟! — لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان پولات نەيزە قەلەمتىراش تۇتۇپ تۇرغان قول ئۈستىگە قادالدى!

«ۋايجان!» ئۆندەرىپ ئويغىنىپ كەتكەن خوجا ئىشاننىڭ ئارقا مېڭىسى ئىششىككە تەگدى. «ۋايجان!» بېشىنى قوچاقلىغىنىچە، دۈم يىقىلدى. دەھشەتلىك چۈش تەكرارلىنىشقا، يەتتە دوزاخ يالقۇنى كۆز ئالدىدا لاۋۇلداشقا باشلىدى. قولىنىڭ، بېشىنىڭ ئاغرىقىنى ئۇنتۇدى. كۆزىنى جامەدەك ئاچتى. ئۆي گۆردەك قاراڭغۇ ئىدى. «شۈكرى، — دېدى لاغىلداپ تىترىگەن ھالدا، — ھوشۇمدىن كېتىش ئالدىدا قولۇمدا چىراغ بار ئەمەسمىدى؟ ئۆزۈمگە، ئۆيگە تۇتىشىپ كەتكەن بولسا...» ئۈمىدلىنىشكە، روھلىنىشقا باشلىدى. «چۈش دېگەن تەتۈردە ماڭىدۇ. راستىنلا ماڭا ئىككى كاللەك ئالتۇن...» ئىككى جۈپ ئۆتۈكنى سىيپىلاپ تاپتى. كۆڭلى ئىمىز - جايىغا چۈشكەندەك بولدى. چىراغنى بىر ياقتىن، سەرەڭگىنى بىر ياقتىن تاپتى. ھېلىقى ئۆتۈكنى يېڭىباشتىن قولىغا ئالدى. «ئەجەپ يوغان مىق قېقىپتىكەن، خوتۇنتالاق! ئامبۇر بولسىمۇ كاشكى!...» پۇتۇن ئائىلە بىساتى ئىچىدە ئامبۇرنىڭ يوقلۇقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. «كەكە - پالتا سوقۇپ بەرگەن ھېلىقى خوتۇنتالاق نېمىشقا ئامبۇرنىمۇ سوقۇۋەتمىگەن بولغىيتتى؟ كەكە بىلەن قومۇرغىلى بولارمۇ؟ نەدىدۇ ئۇ بىدىر نېمە؟» جىنچىراغنى يەنە كۆتۈردى. ئاشخانا، ئوتۇنخانىغىچە باردى. ئالتۇن يىگنە ئىزدىگەن مومايدەك مۆكچىيىپ تۇرۇپ ئىزدىدى. «تونۇر ئەتراپىدا بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس»، يېقىنلاپ كەلدى. «ھە؟ تۇڭگۇزدەك خورۇلداۋاتقان كىمدۇ؟ بۇ يەردە ئادەم ياتايتتى - يا؟» چىراغنى تۆكۈلۈپ ياتقان ئادەمنىڭ يۈزىگە تۇتتى، تېخىمۇ ھەيران قالدى: «قەلەندەرغۇ بۇ؟ ئاخشام خوشلىشىپ ماڭغانىدىغۇ؟ بېشىغا كېسەك قويۇپ ئۇخلاپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان؟ قونۇپ قالغىنى

ئوبدان بولدى. ھەي قەلەندەر-قەلەندەر...» پەس ئاۋاز بىلەن تووۇلاشقا، تۇرتۇشقا باشلىدى. «قەلەندەر» كۆزىنى ئاچتى: «چاكارلاردىن تىل ئۆگىنىمەن دەپ...» خوجا ئىمشان ئېغىز ئاچماسلىق ئىشارىتىنى قىلدى-دە، باشلاپ كىرىپ كەتتى. ئۆتۈكنى قولغا ئالغاندىلا، ئۆزىنىڭ كەكە ئىزدەپ چىققانلىقىنى ئېسىگە ئالدى ۋە سىرتقا چىقماقچى بولدى. «قەلەندەر» ئۇنىڭ پېشىدىن تارتىپ توختىتىۋالدى:

— خوجام، چەم-پاشنا دېگەن سۇ بىلەن لاي-پاتقاقتا بىۋاستە تېگىپ تۇرىدىغان يەر. ئادەتتە، مۇنداق يەرگە خەت سېلىنمايدۇ.

— ئۇنى بىلگۈچىلىكىم بار، — دېدى خوجا ئىمشان ئۆزىنىڭ ئەخمەقلىق قىلغانلىقىنى يوشۇرۇپ،— يىلتىزى تەرەپتىن قېزىپ چىقاي دېگەنىدىم،— يارىسىغا يېڭىباشتىن ئاغرىق كىرگەندەك، تولغىنىپ كەتتى.

سۆكۈپ ئاختۇرۇشنى ئۇلار يەنە شۇ ئۆتۈكتىن باشلىدى. ئىزدىگەن نەرسىسى شۇ ئۆتۈك قونچىنىڭ ئەستىرى ئىچىدىن تېپىلدى. بۇ ناھايىتى سىلىق بىر پارچە خوتەن قەغىزىگە قۇمۇچ قەلەم بىلەن يېزىلغان خەت ئىدى. ئىككى جۈپ ئوغرى كۆز قېنىق سىيا بىلەن يېزىلغان قۇرلارغا ئاستىن تىكىلدى:

«... ماجۇڭيىڭ — باندىت مابۇفاڭ بىلەن ئانا جەمەت بىر تۇغقان. جياڭ جيېشى قوشۇنىدا مەسلىھەتچىمۇ بولغان. تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، مىللىتارىستلىق قان-قېنىغا سىڭىپ كەتكەن بىر تەلۋە. ئۆز يۇرتىدا جان ياقالمىغان بۇ تەلۋە ئالدىنقى يىلى 3- ئايدا 97 تال كۆسەي مىلتىقنى كۆتۈرگەن 200 ئەسكىرى بىلەن قۇمۇلغا كەلگەن. بىز بىلەن ھايات-ماماتلىقتا مەڭگۈ بىللە بولۇش ھەققىدە قەسەم قىلىپ تۇرۇۋالغان. بۇ جاللات شېڭ شىسەي 2000 نەچچە يۈز كىشىلىك ئاق رۇس ئەسكەرلىرى ۋە ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى بىلەن بىزگە قارشى سەپ تارتىپ كېلىۋاتقان چاغ ئىدى. بىز ئۇنىڭ قەسىمىنى، شۇنداقلا، ئىنقىلابىمىزنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىغا مۇھتاج ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتقان... ئەپسۇسكى، ئۇ لەۋزىدە تۇرمىدى، بىۋاپالىق، نامەردلىك قىلدى! باركۆل ئۇرۇشىدا 500 تال مىلتىقنى يالغۇز ئىگىلىۋالدى. قۇمۇل شەھىرىنىڭ مۇداپىئە قىلىش ئۇرۇشىدا بىز بىرىنچى سەپتە تۇردۇق، ئۇ ئىككىنچى سەپتە. دۈگۈجىز قىسىملىرىنى بىز تارمار قىلساق، ئەسىرگە چۈشكەن چېرىكلەر بىلەن ئۆز قىسمىنى تولۇقلىۋالدى. شېڭ شىسەينىڭ ئاق رۇس قىسىملىرى بىلەن ھايات-ماماتلىق جەڭ قىلىۋاتقىنىمىزدا، پۇتىغا ئوق تەگكەنلىكىنى باھانە قىلىپ، گەنسۇغا قاچتى! ئىنقىلابىمىزنىڭ شىددەتلىك بورىنى قانخور جىن شۇرېننى ئۇچۇرۇپ كېتىش بىلەن تەڭ يەنە كەلدى. «ھاجى ئاتا، سىلە قىلىچىنىڭ دەستىسى بولۇپ بەرسىلە، مەن تىغى بولاي؛ ئۆتكەنگە سالاۋات دەۋەتسىلە، ھايات-ماماتلىقتا بىللە بولۇشقا قەسەميادقىلاي!» دەپ قۇرئان تۇتتى... گۇچۇڭ ئۇرۇشىدا غەنىمەت ئېلىنغان تۆت زەمبىرەك، 50 دانە ئېغىر-يېنىك پىلىموت، 8000 تال مىلتىق، 1 مىليون سەر كۈمۈچنى تەنھا ئىگىلىۋالدى! جىمسارنى مۇھاسىرىگە ئالغان چېغىمىزدا، ھاكىم لۇ يىڭلىن، قوماندان دۇڭ چىڭخۇ قاتارلىقلار ئەسلىدە بىزگە تەسلىم بولغان. پۇرسەتپەرەس ئوغرى ماجۇڭيىڭ ئۇلار بىلەن يوشۇرۇن تىل بىرىكتۈرۈپ، يېرىم كېچىدە ئۈن-تىنسىز شەھەرگە كىرىۋاپتۇ. 2000 تال مىلتىق بىلەن 1 مىليون جىڭ ئاشلىقنى قولغا چۈشۈرۈۋاپتۇ... ھازىر ئۇنىڭ شېڭ شىسەي بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكى، ئۇنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقانلىقى

ئۆزۈل - كېسەل ئاشكارا بولىدى!... ماجەنسالى— ماجۇڭيىڭنىڭ ساددىق قولچوممىقى. ئۇنىڭدىن ئاگاھ بولۇڭلار، يېنىڭلارغا يولداشلار. گېزى كەلسە، تەلتۆكۈس قورالسىزلاندۇرۇپ قوغلىۋېتىڭلار!...»

خوجا نىشان بىلەن «قەلەندەر» نىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى قارا تەرگە چۆمۈلگەنىدى. ئەجەل سىرتمىقى كانىيىنى سىقىۋاتقاندەك ئېغىر تىناتتى، ھاسىرايتتى: «ياﺋاللا، ياھەزرەت، بۇ خەت تۆمۈرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان بولسا!...» ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى ئىككىسى.

— خەۋەرچىمىز ئىشەنچلىك - ھە؟

— تولۇق ئىشەنچلىك، — كېسىپ ئېيتتى خوجا نىشان، — خوجا نىياز ھاجى بىلەن بىز يۇرتلۇق— تاراتمىلىق؛ قان چىقارماي جان ئالالايدىغان سېھىرگەرنىڭ دەل ئۆزى! — پاشنا قومۇرۇش جەريانىدا ئىپادىلىگەن ئاجىزلىقىنى — دۆتلۈك دېگىنىنى يۇيۇۋېتىشكە ئالدىرىغان خوجا نىشان ئۆز پىلانىنى ئوتتۇرىغا ئاتتى، — خەۋەرچىنىڭ ئىسمى يەنىلا «شانىياز».

— خوش، داۋاملاشتۇرۇۋەرسىلە.

— ئۇ - تۇغما كېكەچ؛ كىشىلەر سوئال سوراپ، جاۋاب ئېلىشتىن بىزار بولغىدەك دەرىجىدە كېكەچ.

— كۆزۈمگە قارىماي، سۆزلەۋەرسىلە، خوجام.

— ھەم قولىقى ئېغىر بولسۇن: كىيىدىغىنى «ئۆزكىيىمى»، مىنىدىغىنىمۇ «ئۆزئېتى»؛ «خوجا نىياز ھاجىنىڭ مەكتۇبى» يەنىلا ئۆتۈكىنىڭ قونجى ئىچىدە.

— ئۇزۇن مۇددەت ئۆتۈك يەشمەي سەپەر قىلغان كىشىنىڭ پۇتىنى ئۆزەڭگە يالاپ كېتىدىغان ئىشمۇ بولىدۇ جۇمۇ. يەنە كېلىپ، بۇ «خەۋەرچى» نىڭ ئۆتۈكى ئىچىدە...

خوجا نىشان قايىللىق بىلەن كۈلۈپ قويۇپ دېدى:

— مادۇتەي ئالىيلىرىنىڭ يولىيورۇقىنى ئالغاندىن كېيىن «مەكتۇب» يېزىشقا كىرىشىمەك. «مەكتۇب» ئاخىرىغا «شانىياز» نى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالمىساق.

— شۇنداق بولىدۇ - دە، ئەلۋەتتە.

......

سالقىن سەھەر، ئەنچە يۈز كىشى باغ دەرۋازىسى ئالدىدىكى مەيداندا نەغمە- ناۋا قىلماقتا. باغ ئارقىسىدىكى تېرەكلەردە كاككۇك بىلەن سوپسوپياڭ، كۆل ئەتراپىدىكى بارقسان سۆگەتلەردە شاخسانىغۇچ، ھويلىدىكى چوڭ ئۈجمىدە ئاق قۇشقاچ...

دەرۋازىدا قوراللىق مۇھاپىزەتچى، ھويلىدا قوراللىق مۇھاپىزەتچى، باغنىڭ بۇلۇڭ- بۇرجەكلىرىدە قوراللىق مۇھاپىزەتچى.

بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن ھېچكىم قوبۇل قىلىنمايدۇ، دەۋا سورالمايدۇ!

كەڭ، يورۇق، ئازادە مېھمانخانا. ياڭاق ياغىچىدىن ياسالغان ئەگمە يۆلەنچۈكلۈك يۇمىلاق ئۈستەللەرنىڭ ھېچبىرى بوش ئەمەس. ئاپئاق داستىخان سېلىنغان جۈپ شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان ھەربىي- مەمۇردىي ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆزى قاپقارا ساقال- بۇرۇتىنى يارىشىملىق ياساتقان ئۆتكۈر كۆزلۈك قاۋۇل كىشىدە. ھاجى ئاتىمىزنىڭ مەكتۇبىنى كۆرۈش، يولىيورۇقىنى ئاڭلاشقا ئۇزاقتىن بۇيان تەشنا بولۇپ يۈرگەن بۇغداي ئۆڭلۈك بۇ كىشى— بىزنىڭ تۆمۈر سىجاڭ. ئۇنىڭ چىرايى بۈگۈن بۆلەكچىلا ئوچۇق، ئاۋازىمۇ بۆلەكچىلا ياڭراق. ئۇ، تولۇپ- تاشقان قىزغىنلىق بىلەن خەت ئوقۇماقتا، ھۆرمەتلىك ئاتىمىز «خوجا نىياز ھاجىنىڭ مەكتۇبى» نى ئوقۇماقتا:

«... قۇمۇل دىيارىدا پارتلىغان سەلتەنەتلىك ئىنقىلاب ساداسىنى ئاڭلىغان ياش، قابىل كوماندىر ماجۇڭيىڭ يولىنىڭ يىراقلىقى ۋە جاپا-مۇشەققىتىگە قارىماي، تولۇق قوراللانغان 200 نەپەر سەرخىل مەرگەن يىگىتنى باشلاپ كېلىپ بىزگە قوشۇلغان. جاللات شېڭ شىسەينىڭ چىش-تىرنىقىغىچە قوراللانغان 3000 كىشىلىك زور قوشۇنىغا قايتۇرما زەربە بېرىش ئۇرۇشىدا پىداكارلىق بىلەن جەڭ قىلىپ، ھاياتىدىن ئايرىلغىلى تاس-تاماس قالغان. ئۆزى يۇرتى گەنسۇدا داۋالىنىپ ساقايغاندىن كېيىنلا قايتىپ كېلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن جەڭگە قاتناشتى. كۈچۈكنى ئېلىش ئۇرۇشىدا بىر توغقان ئىنىسى، 21 ياشلىق قەيسەر ئىنقىلابچى ماجۇڭجېيدىن ئايرىلدى... پېقىر خوجا نىياز-قىلىچىنىڭ دەستىسى، ماجۇڭيىڭ-قىلىچىنىڭ تىغى، دەستە تىغىدىن، تىغ دەستىدىن ئايرىلالمايدۇ... ماجەنساڭ-ماجۇڭيىڭنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى، مەرد، لەۋزى ھالال، دىيانەتلىك كىشى... ھەر خىل پىتنە-پاساتلارغا قولاق سالمىغايسىلەر. ھەر قانداق بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي يول قويمىغايسىلەر...»

ئوسمان ئېلىنىڭ ئوڭ-سول تەرىپىدە ئورازبېك، ئابلابېك، توختىبېك قاتارلىقلار. ئوسمان ھازىر تۇدىنجاڭ ئەمەس، لۈيجاڭ. ئۇنىڭ كەيپىياتى نورمال ئەمەس. روھىي دۇنياسى شىددەتلىك جەڭ مەيدانىغا ئايلانغان: «راستىمدۇ؟ ئىشەنچلىكمىدۇ بۇ خەت؟ خەۋەرچىدىن تەپسىلىي سوراپ بېقىشقا بولماسمۇ؟ تۈرلۈك يوللار بىلەن سىناپ بېقىشقا بولماسمۇ؟...»

يىغىن ئاياغلاشتى. ئوسمان لۈيجاڭ بۇ پىكرىنى يىغىن قاتناشچىلىرىنى ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كىرىۋاتقان تۆمۈر سىجاڭغا ئېيتقانىدى، تۆمۈر سىجاڭ:

—نېمىسىنى سۈرۈشتۈرىسەن؟ ئۇ بىر تۇغما كېكەچ ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇلىقىمۇ ئېغىر. بىر سوئالغا جاۋاب ئېلىپ بولغىچە، يۈرىكىڭ سىقىلىپ، بېشىڭ زىڭىلداپ كېتىدۇ —دېدى. ئوسمان ئوچۇق-يورۇق قىلىنا مۇڭدىشىشنى بەكمۇ خالايتتى.

— تۆمۈر ئاكا، باغنى ئايلانغاچ، بىردەم-يېرىم دەم مۇڭداشساق قانداق؟ —دېدى.

—بولىدۇ، يۈر.

پىشىپ كەتكەن قوقان گىلاسلار قىزىل ياقۇتتەك تاۋلىنىپ تۇراتتى. ئاق ئۈرۈك ئاق قاشتېشىدەك سۈزۈك، مايسەن ئۈرۈك قەھرىۋادەك جۇلالىق ئىدى. ئوسمان ئېلى ئىككى ئاسماق قوقان گىلاسىنى ئۈزۈۋېلىپ، بىر ئاسماقنى ئۇزاتتى. تۆمۈر سىجاڭ بىر نەچچە تال گىلاس ئۇرۇقىنى پۈركىۋەتكەندىن كېيىن، ئوسمان ئېلى ئېغىز ئاچتى:

— تۆمۈر ئاكا، راستىمنى ئېيتسام، ھاجى ئاتىمىز بىلەن ماجۇڭيىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن پۈتۈنلەي بىخەۋەرمەن، ماجۇڭيىڭ، بەلكى، خەتتە يېزىلغىنىدەك ئوبدان ئادەمدۇ. لېكىن ماجەنساڭ... سىلە بىلەن يۈزتۇرانە تۇرۇپ پۈتۈشكەن توختامنىڭ سىياھى قۇرۇماي تۇرۇپلا يۈزسىزلىك قىلدى. تەڭ بۆلۈشۈپ ئالماقچى بولغان يېڭىشەھەردىكى قورال-ياراقلارنىڭ بىرىنىمۇ بەرمىدى!...

بۇلار خېلىغىچە ئايلاندى، مۇڭداشتى. سۆھبەت تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئېيتقان ماۋۇ سۆزى بىلەن ئاياغلاشتى:

—ئۇكام ئوسمان، ئەتە-ئۆگۈنگىچە مەن ياراملىق ئادەملىرىمدىن ئىككى-ئۈچنى يولغا

سالمىغان. شۇلاردىن خەت-خەۋەر كەلگۈچە تەخىر قىلالمايلى.

— بولمىدۇ. ئەمدى قايتايلىمۇ، تۆمۈر ئاكام؟

بۇلار قايرىلدى. «كېپكەچ خەۋەرچى»نىڭ كۆزئالدىدىلا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— ھەي، نېمە قىلىپ يۈرىسەن بۇ يەردە؟— يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سورىدى تۆمۈر سىجاڭ. خودۇقۇپ كەتكەن «كېپكەچ» شاخلاردىكى ئاسماق-ئاسماق ئۆرۈك-گىلاسلارغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلگەندىن كېيىن، ئۈزۈپ ئېغىزغا سالغانلىق ئىشارىتىنى قىلدى ۋە «بۇ... بۇ...» دەپ كېكەچلەپ كەتتى. تۆمۈر سىجاڭ، ئۈزۈپ يېسەم بولامدۇ؟ دەپ سوراۋاتقان بولسا كېرەك، دەپ چۈشەندى ۋە يەنىلا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن جاۋاب بەردى، بۇ باغنى مەن سېتىۋالغان. تويغۇچە يېسەڭ بولىۋېرىدۇ!

خۇشال بولۇپ كەتكەن «كېپكەچ» باغنىڭ ئىچكىرىگە قاراپ پايپاسلىدى. ئوسمان ئېپىلى ھەيرانلىق بىلەن سورىدى:

— تۆمۈر ئاكا، ئۇ يالىڭاياغقۇ؟

— ھە؟—راست، ئۇ يالىڭاياغ كېتىۋاتاتتى، — ھەي، بۇياققا كەل، — «كېپكەچ» ئاڭلىماي كېتىۋەردى. تۆمۈر سىجاڭ ئاتقان چالما دۈمبىسىگە تەگكەندىن كېيىن چۆچۈپ ئارقىغا قارىدى. تۆمۈر سىجاڭ «بۇياققا كەل!» دەپ ۋارقىرىدى ۋە ئىشارەت قىلدى. «كېپكەچ» ھاڭ-تاڭ قالغان ھالدا يېقىن كەلدى.

— نېمىشقا ئۆتۈك كىيمىدىڭ؟ — سۆز بىلەن ئىشارەتنى بىرلەشتۈرۈپ سورىدى تۆمۈر سىجاڭ. «قۇلىقى ئېغىر كېپكەچ»شىمىنىڭ پۇشقىقىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، بىر نېمىلەرنى دەپ كېكەچلەپ كەتتى. ئىككىلا پۇتىنىڭ ھوشۇقى ئەتراپىدىكى ئىششىق ۋە جاراھەتلەر ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تۆمۈر سىجاڭ ئۇنىڭغا قاراپ مۇنداق دېدى: خەتنى ساق-سالامەت يەتكۈزەي دەپ ھەپتىلەپ ئۆتۈك يەشمەي يۈرۈپ يارا قىلىۋالغان ئىكەندە؟— «كېپكەچ» كە ۋارقىرىدى، - كەچتە ئىسسىق سۇ بىلەن پاكىز يۇيۇپ، دورا سۈركىۋېتىپ، تاڭدۇرۇپ يات، بولامدۇ!؟

تۆمۈر سىجاڭ زەبەردەس ئىككى يىگىتنى «مۇتلەق مەخپىي خەت» بىلەن يولغا سالغىنىغا توققۇز كۈن بولغاندا، ئۈچ خەۋەرچى يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئۇيغۇر، بىرى تۇڭگان، ئېلىپ كەلگىنىمۇ ئىككى خىل قەلەم بىلەن يېزىلغان ئۈچ پارچە «مۇتلەق مەخپىي خەت» ئىدى. قوڭۇش قەلەم بىلەن يېزىلغان «خوجا نىياز ھاجىنىڭ خېتى»دە مۇنداق دېيىلگەنىدى: «21 كۈن مۇقەددەم شانىياز ئىسىملىك پالۋان ئارقىلىق مەكتۇپ يوللىغانىدىم. بۇ چاغقىچە قولۇڭلارغا تەگكەندۇ... يېقىندىن بۇيان ئاقسۇ-كۇچا تەرەپلەردە «خوجا نىياز ھاجىم بىلەن ماجۇڭيىڭ ئىككى قاشقا بۆلۈنۈپ كېتىپتۇمىش» دېگەنگە ئوخشاش پىتنە-پاساتلار تارقىلىپ يۈرۈپتۇ. مۇنداق ئۇيدۇرمىلارنىڭ قەشقەر تەۋەسىدە بازار تېپىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە ئۇشبۇ مەكتۇپ ئالاھىدە يوللاندى. ئۆتكەنكى خەتنىڭ تەگكەن-تەگمىگەنلىكىگە ئىشەنچ قىلالمىغانلىقىمىز سەۋەبىدىن، ئۆتكەنكى خەت مەزمۇنىنى ئۆز ئەينى بويىچە قايتا ئىزھار قىلدۇق. بۇ خەت بىلەن بىرلىكتە ماجۇڭيىڭنىڭ سىلەرگە ھەم ماجەنساڭغا يازغان خەتلىرىمۇ ئەۋەتىلدى. ھەر ئىككى نۇسخا پېقىرنىڭ كۆزىدىن كۆچۈرۈشىدىن ئۆتكەن. ماجەنساڭغا تېگىشلىكىنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە مەسئۇل بولغايسىلەر.

ئاخىرىدا، مۇھىم بىر مەسىلە ئالاھىدە تەكىتلەندى. ئىمكانىيەت ۋە شەرت-شارائىت يار بەرگەن تەقدىردە، دەرھال تۇتۇش قىلغايسىلەر...»

«كېكەچ خەۋەرچى» ئېلىپ كەلگەن خەتتە بايان قىلىنغان ماجۇگىيىڭنىڭ «يۈكسەك تۆھپىلىرى» بۇ قەغەزگىمۇ تولۇق ۋە ئەينەن كۆچۈرۈلگەنىدى. «ئالاھىدە تەكىتلەنگەن مۇھىم بىر مەسىلە» بولسا، ئاتۇش، مارالبېشى، پەيزىۋات، مەكىت ناھىيىلىرىدىكى ھەربىي-مەمۇرىي ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش بىلەنلا قالماستىن، يېڭىسار، يەكەن، قاغىلىقلارغىچە يۈرۈش قىلىش مەسىلىسى ئىدى. يۈك قەلەم بىلەن يېزىلغان خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى: «مۆھتەرەم ئاتىمىز تۆمۈر سىجاڭغا مەلۇم بولغايكى، كەمىنە ئىنىلىرى ماجۇگىيىڭ ئەمدىلا 24 ياشقا قەدەم قويدى. ئۇيغۇرلاردا ‹ياشلىق-بەڭباشلىق› دېگەن گەپ بارغۇ؟ كەمىنە ئىنىلىرىدىمۇ بۇنىڭدىن خالىي ئەمەس ئىدى. بۇ ھال ئىنقىلابىمىز دۈشمەنلىرىنىڭ پىتنە-ئىغۋالىرى ئۈچۈن مەلۇم ئاساس يارىتىپ بەرگەنىدى. خۇداغا مىڭ شۈكرىكى، كەمىنە ئىنىلىرىنىڭ ۋۇجۇدىغا چاپلاشقان ھەر خىل ئىللەت-جاراھەتلەر مېھرى-شەپقەتلىك ئاتىمىز خوجا نىياز ھاجىم جانابلىرىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى نەتىجىسىدە پەيدىنپەي ساقايماقتا، شىپا تاپماقتا... ئوتتۇرىدا ئىناقسىزلىق، بۆلۈنۈش يۈز بېرىپتۇ دېگەندەك گەپلەرنىڭ ھەممىسى ئويدۇرما!... ماجەنساڭغا يازغان خېتىمدىمۇ بىرلىك-ئىتتىپاقلىق مەسىلىسىنى قايتا-قايتا تەكىتلىدىم. ھاجى ئاتىمىز بىلەن بىز يېتىپ بارغىچە، يېڭىشەھەردىن چىقماسلىقىنى، جانابلىرىنىڭ كۆڭلى رەنجىگىدەك سەۋەنلىكلەر سادىر قىلغان بولسا، سەممىيلىك بىلەن كەچۈرۈم سورىشى لازىملىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتتىم...»

ئۆزىگە تېگىشلىك خەتنى تاپشۇرۇۋالغان ماجەنساڭمۇ تۆمۈر سىجاڭغا مەخسۇس خەت يېزىپ «ئىنتايىن سەممىيلىك بىلەن» ئۆزىنى تەكشۈردى ۋە ئەپۇ سورىدى. ئاق قەغەزگە قارا سىيا بىلەن يېزىلغان بۇ ئىبارىلەر بىر-بىرىدىن چىرايلىق ئىدى. قايمۇقۇش ئىچىدە قالغان تۆمۈر سىجاڭنىڭ كېچە-كۈندۈز دەيدىغىنى پەقەت مۇشۇ ئىدى: «يولغا سالغان خەۋەرچىلىرىم تىنچ-ئامان قايتىپ كەلسە...» ئەپسۇسكى، ئۇ، ئوسمان ئېلى بىلەن باغ ئارىلاپ يۈرۈش جەريانىدا ئېيىقانلىرىنىڭ «قۇلىقى ئېغىر تۇغما كېكەچ» تەرىپىدىن «ئۆز يۇرتلۇق ساداقەتمەنلەر» (خوجا ئىشان باشلاپ كىرىپ ۋە ئالاھىدە تونۇشتۇرۇپ، تۆمۈر سىجاڭنىڭ «خىزمىتى» گە قالدۇرۇپ چىقىپ كەتكەن ھېلىقى يەتتە كىشى) نىڭ بىرى ئارقىلىق خوجا ئىشانغا يەتكۈزۈلگەنلىكىدىن بىخەۋەر ئىدى. مۇتلەق مەخپىي خەت بىلەن مۇتلەق مەخپىي ھالدا يولغا سالغان زەبەردەس ئىككى خەۋەرچىنىڭ يېڭىشەھەر-پەيزىۋات ئارىلىقىدا ماجەنساڭ باندىتلىرى تەرىپىدىن ئۈن-تىنسىز دەپنە قىلىۋېتىلگەنلىكىدىن بىخەۋەر ئىدى؛ «خوجا نىياز ھاجىمنىڭ بۇ قېتىمقى خېتى» نىڭمۇ، ئۆتكەنكىسى خەتكە ئوخشاشلا، خوجا ئىشان قولى بىلەن، ماجۇگىيىڭنىڭ نامىدا كەلگەن خەتنىڭ ئەجدىھا باشلىق ھاسا تۇتقان «قەلەندەر» نىڭ قولى بىلەن يېزىلغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە!

تۆمۈر سىجاڭ ئۆز خەۋەرچىلىرىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە، ئۇنىڭ رەقىبلىرى بولسا، بىرلىك-

ئىناقلىق قەلئەسىنىڭ ئۇلىنى قېزىش سۈرئىتىنى تېزلەتمەكتە ئىدى. خوجا ئىشان قاتارلىق يۇرت كاتتىلىرى يۇمىلاقشەھەر قەلئەسى ئىچىگە كىرەتتى-دە، يازنىڭ كۆيۈك ئاپتىپىدا تەرلەپ-پىشىپ مەشق قىلىۋاتقان ئەسكەرلەر ئارىسىدىن ئوسمان لۈيجاڭنى تاپاتتى.

— خەلقىمىزنىڭ باھادىر ئوغلانىغا بارىكاللا! — دەيتتى ئۇنىڭ ئىزىغا يۈزىنى ياققۇدەك خوشامەت بىلەن، — پاھ، نېمانچە دېمەق، تىنجىق بۇ يەر؟ لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈۋاتقان دوزاقنىڭ ئۆزىكەنغۇ، ۋەيلۇن دوزاقنىڭ؟ ئەلنىڭ بەخت-نىجادلىقى ئۈچۈن ئوت - سۇدىن قورقماسلىق دېگەن مانا شۇ - دە! تۆمۈر سىجاڭ جەننەتۇلپىردەۋسىدەك گۈزەل باغدا ھوزۇر-ھالاۋەتتە، سىلە - ئۆزلىرى مانا بۇ جەھەننەمدەك قاقاس ئاپتاپلىقتا جاپا- مۇشەققەتتە. ھەي، تەڭشەلمىگەن جاھان-تەڭشەلمىگەن جاھان!... تۆمۈر سىجاڭ بۇ ئىخلاس-ئەقىدىلىرىنى بىلسە، چۈشەنسە ئىدى، كاشكى!

بۇلار تۆمۈر سىجاڭنىڭ قېشىغا بېرىپ مۇنداق دەيتتى:

— تاپاننى كاۋاپ، بىلەكنى كۆسەي قىلىغۇدەك ئاپتاپلىقتا شۇنداق مەشق قىلىۋېتىپتۇكى بۇ ئەسكەرلەر... شوتا قويماي سېپىلغا چىقىش! ئېقىن - دەريالاردىن ئاتلاپ ئۆتۈش، كېچىلىك ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم... ئوسمان قىرغىزنىڭ كۆڭلىدە باشقىچىرەك خىيال بولمىسا، ئەسكەرلەرنى مۇنچە قىيناپ مەشق قىلدۇرۇپ يۈرەمدۇ، تۆمۈر سىجاڭ؟ قەلئە سېپىلى ئۈستىدە تۇرۇپ كەتكەن قاراۋۇللارنىڭ كۆپلۈكىنى دېمەمدىغان؟ ئاسمانپەلەك شەتەي راۋىقى ① ئۈستىدىكى كۆزەتچىلەرچۇ تېخى! جانابلىرىنىڭ ئارزۇ - ئىرادىسىگە قارشى بىرەر تەۋەككۈلچىلىككە تەييارلىق قىلىۋاتقان بولمىسۇن يەنە!

دوتەي يامۇل ھۇجۇم بىلەن ئېلىنغان كۈنى كەچقۇرۇن ئوسمان لۈيجاڭنىڭ ھوزۇرىدا خوجا ئىشان مۇنداق دېدى:

— ماجەنساڭ-ماشياۋۇ چېرىكلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئەزىزانە شەھىرىمىزگە ئەمىنلىك ۋە خاتىرجەملىك بەخش ئەتتىلە. پۈتۈن خەلق شادلىق غەلىبىلىرىگە بىردەك تەنتەنە قىلدى. شانۇشەۋكەتلىرىنىڭ تېخىمۇ زىيادە بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلدى. بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى ئاقىل كۆزلىرى بىلەن روشەن كۆردىلە... جانابلىرى قان تۆكۈپ، قۇربان بېرىپ جەڭ قىلىۋاتسىلا، خەلق قوللاۋاتسا، ئالقىش - ئاپىرىن ياغدۇرۇۋاتسا، نېمە ئۈچۈن جايىدا ئولتۇرالماي قالىدۇ ئۇ كىشى؟ نېمە ئۈچۈن ماجەنساڭغا يان باسىدۇ، سىلىنى چەكلەيدۇ؟ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان ماجەنساڭ ئاق بايراق چىقىرىشقا مەجبۇر بولۇپ تۇرغاندا، «ئۆزۈم سۆھبەتلىشىپ چىقىمەن» دەپ كىرىپ كېتىپ، ئۆزىنى كۆرسەتكىنى نېمىسى؟ غەلىبە مېۋىسىگە قول ئۇزاتقىنى نېمىسى؟

يۇمىلاقشەھەر قەلئەسىدىن قايتىپ چىقىپ، خۇپىيانە ھالدا تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئالدىغا كىرگەن ئاشۇ ئادەم مۇنداق دېدى:

— جانابلىرىنىڭ ئەمىر - پەرمانىغا پىسەنت قىلماي شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۈچ نەپەر نەۋقىران يىگىتنىڭ جېنىغا زامىن بولغانىدى.. مانا بۈگۈن جانابلىرىدىن ئىجازەت ئالماي، دوتەي يامۇل بىلەن ئامبال يامۇلغا

① مافۇشىڭنىڭ ئوغلى شەتەي (لۈيجاڭ) ماجۇۋ تەرىپىدىن سېلىنغان تۆت قەۋەتلىك راۋاق - «شەتەي راۋىقى» دېيىلەتتى.

ھۇجۇم قىلىپ، يەتتە ئەزىمەتنىڭ جېنىغا زامىن ۋە بىر مۇنچە يىگىتنىڭ جاراھەتلىنىشىگە سەۋەب بولدى... جانابىلىرىنى ھەقتا ئالاھىدۈزى يەتكۈزگەنىدى، بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا، ئۇلارنى شەھەردىن چىقىرىۋەتتىلە. جانابىلىرىنىڭ شۇنچە يۈكسەك ئابروي - ئىناۋەتلىرىنى نېمە ئۈچۈن ئېتىراپ قىلمايدۇ ئۇ قىرغىز؟ جانابىلىرىدىن ئازتولا ئەيمەنمەيدىغان بولسا، قولغا چۈشۈرۈۋالغان 200 مىلتىق بىلەن 17 ساندۇق ئوقنىمۇ يالغۇز ئىگىلىۋالغان بولاتتى. سىجاڭ ئالىيلىرى، ئۇنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى ئەقىل تارازىسىدا ئۆلچەپ كۆرگەيلا. جانابىلىرىغا قارشى تىغ كۆتۈرۈپ قىلمىشىدىن پەخەس بولغايلا ...

ئىبراھىم لوزۇڭنىڭ بېغىغا «قېچىپ كىرگەن» ھېلىقى ئۈچ ئەسكەر ئېلىپ كىرگەن «مەلۇمات» ماشياۋۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئوسمان لۈيجاڭغا يەتكۈزۈلگەن، يەنە كېلىپ، توققۇز نەپەر كاتتا زات تەرىپىدىن تەكرار يەتكۈزۈلگەنىدى. ئوسمان لۈيجاڭ قىزىقىپ قالدى. شۇ «دەردمەن» ئەسكەرلەر بىلەن يۈز تۇرانە سۆزلىشىپ بېقىش قارارىغا كەلدى. ئوسمان لۈيجاڭ ئالدىغا كىرگىچە، ئۈچ «دەردمەن» تۆت بولدى. تۆتىنچىسى مۇنداق «مەخپىيەتلىك»نى «ئاشكارىلىدى»:

— ماجەنساڭ يېڭىشەھەردىكى ھاراق ياسايدىغان خەنزۇلارنىڭ ھەممىسىنى سىبۇ ① ئىچىگە ئېلىپ كىرىۋالدى. ئۇلارنى كېچە-كۈندۈز ھاراق ئىشلەپ چىقىرىشقا مەجبۇرلاۋاتىدۇ. ماجەنساڭ ئەسكەرلىرى كېچە-كۈندۈز مەست يۈرۈشىدۇ. بىزنى كەلسە - كەلمەس دۇمبالايدۇ. خەلقنىڭ خوتۇن - قىزلىرىغا چېقىلىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ ھۇجۇم قىلىدى-

غانلا بولسا، بىز ماشياۋۇ ئەسكەرلىرى ئىزىنى ئارقىغا قاراتقان بولاتتۇق ...

خوجا ئىمشان قاتارلىقلار ئوسمان لۈيجاڭنى قىزىقتۇرماقتا ۋە ئالدىراتماقتا ئىدى:

— جانابىلىرى شەھەرنى ۋە دوتەي يامۇلنى ئېلىش جەڭلىرىدە مىسلىسىز باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، خەلقنىڭ يۈكسەك ھۆرمەت - ئالقىشىغا سازاۋەر بولدىلا. خەلقنىڭ ئۈمىدى جانابىلىرىدا. شەھىرىمىزنىڭ بىقىنىغىلا جايلاشقان ئاشۇ شەھەر ئېلىنىپ كەتكەن بولسا، پۈتۈن ئەل - ئاۋام تەلتۆكۈس خاتىرجەم بولاتتى. مۇنداق پالەچ ھالدا تۇرغان كىچىككىنە قەلئەنى ئالماق، جانابىلىرىدەك قابىل قوماندان ئۈچۈن ھېچگەپ ئەمەس. تەلىپىمىزنى تۆمۈر سىجاڭ ئالىيلىرىغا يەتكۈزۈپ كۆرگەيلا.

— سىلىمۇ دېسىلە، ئىمشان خوجام، — دېدى ئوسمان لۈيجاڭ ئۆزىنى چىقىۋېتىپ، — باشقىلارمۇ دېسۇن. تۆمۈر سىجاڭ باش لىڭشىتىدىغان بولسا، مەن تەييار!

— تۆمۈر سىجاڭنىڭ مېنى كۆرەر كۆزى يوق!

— نېمىشقا؟ — ھەيرانلىق بىلەن سورىدى ئوسمان لۈيجاڭ، — خېلى قويۇق كىرىپ - چىقىپ تۇرۇۋاتقاندەك قىلىدىلاغۇ؟

— ھېچكىمگە تىنماسمەن دېگەنىدىم، قوماندان جانابىلىرى، — چوڭقۇر ئەپسۇسلانغان قىياپەتتە داۋاملاشتۇردى، — جانابىلىرى شەھەر ئالغان كۈنى تاڭ سەھەردىلا نەچچە مىڭ كىشىنى باشلاپ سالام - تازىمغا كەلگەنىدىم.

— ئېسىمدە...

— ئۇ كىشى تەييار شەھەرگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، مۇنچە داغدۇغا قىلىپ يۈرمەسەكمۇ بولار دېيىتتىمەن. جانابىلىرىغا قىلغان

① سىبۇ — دىۋىزىيە شتابى.

ھۆرمەتىمىنى قايسى ئوتئېغىز يەتكۈزگەنىدىكىن - تالا، تۈزلۈككىنە چىراي ئاچمايدۇ. قەھرى- غەزىپىگە يولۇقۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئانچە- مۇنچە كىرىپ- چىقىپ تۇرۇشقا مەجبۇرمەن. «يەرنىڭ ئاچچىقىنى بورا بىلىدۇ، تۈتۈننىڭ ئاچچىقىنى مورا»، قوماندان ئالىيلىرى.

— مۇنداق دېمىلە، تەقسىر؟ ... ماقۇل، تۆمۈر سىجاڭغا ئۆزۈم دەپباقاي.

ئوسمان لۈيجاڭنى «مەن چوڭقۇرراق ئويلىشىپ باقاي» دېگەن جاۋاب بىلەن يولغا سېلىۋەتكەن تۆمۈر سىجاڭ راستىنلا چوڭقۇر تەپەككۇر قايىنىمىدا ئۆزمەكتە ئىدى: «ئوسمان ئېيتقاندەك، شۇنچە سەممىيلىك بىلەن كەچۈرۈم سورىغان ماجەنساڭ بىزگە تېگىشلىك قورال - ياراقلارنى نېمە ئۈچۈن كىرگۈزۈپ بەرمەيدۇ شۇ چاغقىچە...»

— سىجاڭ ئالىيلىرى، خوجا ئىشان سالام-تازىمغا كەپتۇ.

— كىرسۇن.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم تۆمۈر سىجاڭ ئالىيلىرى، — سىجاڭنىڭ كەيپى جايىدا ئەمەسلىكىنى پەملىگەن خوجائىشان پۈرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك قارارىغا كەلدى، — ئوسمان لۈيجاڭنىڭ تەلەپ ۋە مۇددىئاسىنى يەتكۈزۈش مەجبۇرىيىتى تۈپەيلىدىن، جاناب ئالىيلىرىنى پاراكەندە قىلىدىغان بولدۇم.

— نېمە تەلەپ؟

— بىر ۋەسۋەسە، شەھەر ئېلىش ۋەسۋەسىسى، نام- شۆھرەت ۋەسۋەسىسى!

— ئوچۇقراق سۆزلىسىلە، تەقسىر.

— ئوسمان لۈيجاڭ بىر قانچىلىرىنى چاقىرتىپتۇ. يېڭىشەھەرنى ئالاي دېسەم، سىجاڭ قوشۇلمايدىغاندەك قىلىدۇ. ھەر بىرلىرى يۇرت مۆتىۋەرلىرى، سىجاڭ سىلەرنىڭ تەلىپىڭلارنى رەت قىلمايدۇ، ئارقا- ئارقىدىن بېرىپ ئېيتساڭلار، سىجاڭنى ماقۇل كەلتۈرۈپ بەرسەڭلار، دەيدۇ. ئەھۋالغا قارىغاندا، ھۇجۇم تەييارلىقىنى تەل قىلىپ قويغان ئوخشايدۇ.

— مۇنداق دېمىلە، تەقسىر؟

— جانابلىرى ئىجازەت بەرمىگەن تەقدىردىمۇ، بۇ تەۋەككۇلچىلىك يولىدىن يانمايدىغاندەك.— تۆمۈر سىجاڭنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىشكە باشلىدى، — ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يېڭىشەھەردىكى ماجەنساڭ چېرىكلىرىدىن بەش - ئالتىسى بىلەن يوشۇرۇن سۆزلەشكەنمىش. يەنە كېلىپ، سىبۇ ئىچىدە...

— نېمە!؟

— راست گەپ، سىجاڭ ئالىيلىرى. ئوسمان لۈيجاڭمۇ تېنىۋالالمىسا كېرەك بۇ ئىشتىن. بىراق، ئەينەن دەمدۇ- دېمەمدۇ، ئۆزى بىلىدۇ. «ھۇجۇم- ھۇجۇم» دەيدۇ. «ئات ئايلىخانىغا، پول سارىخانىغا» دېگەندەك پول تۇتقاچىمۇ تېخى!...

ئىككى ئوتتۇردا باپكانىڭ مۆكىسىدەك قاتراپ يۈرۈشلەر ئاز- تولا ئۇنۇم بەرمەكتە ئىدى. شۇ كۈنلەردە بۇلار يەنە بىر قاتار سېھىرگەرلىك ئويۇنلىرىنى ئويناپ چىقتى:

پەيشەنبە سەھەردە تۈپىراق بېشىنى يوقلاش، روھ - ئەرۋاھلارغا ئاتاپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىش- مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىلىك يەلىق ئەنئەنە. ئۇلار مۇشۇ ئەنئەنىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىشقا باشلىدى.

بۈگۈنمۇ پەيشەنبە. ھەزرەت تەۋەسسىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقنىڭ ھەممىلا يېرىدە مۆڭلۈق يىغا، ھەسرەت - نادامەت، دۇئا - تىلاۋەت... قېلىپتا قويغاندەك ياسالغان 11 يېڭى قەبرە ئالدىدا يىگىرمە بەشتەك ئادەم.

ئۇلارنىڭ بىرى — ئەما موماي، تۆتى — قېرىپ هالىدىن كەتكەن بوۋاي، قالغانلىرى ياش-ئوتتۇرا ياش ئەر-ئاياللار ۋە ئوغۇل-قىزلار. ئۇلارنىڭ ئاھ-ۇ زارى يەر-زېمىننى لەرزىگە كەلتۈرمەكتە: «ئاھ بالام، شېھىد كەتكەن بالام! ... ياش كەتكەن قېرىندىشىم، شېھىد كەتكەن قېرىندىشىم! ... شېھىد كەتكەن ئاكام! ...»

هاسا تايانغان، چوڭ كىتابنى قولتۇقىغا قىسقان سالاپەتلىك بىر كىشى شەپىسىز يېتىپ كەلدى. يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، يېقىملىق ئاۋاز بىلەن تىلاۋەت باشلىدى. هازىدارلار دەرهال جىم بولدى. ئۇزۇن بىر سۈرىنى ئوقۇپ تاماملىغان سالاپەتلىك كىشى دۇئاغا قول كۆتۈردى:

— گۈلدەك چىرايلىق، گۆھەردەك باھاسىز ياش هاياتىنى ئەلنىڭ بەختى، نىجادلىقى ئۈچۈن بەخش ئەيلىگەن نەۋقىران ئوغلانلار، سەككىز جەننەتنىڭ ئالتۇن دەرۋازىسىنى ئاللاھ سىلەرگە ئەبەدىي ئوچۇق قىلغاي، ئىلاھا ئامىن! — هازىدارلارنىڭ چوڭراقلىرىغا قاراپ دېدى، — هەر بىرلىرى بۇ شېھىد ئوغلانلارنىڭ بوۋىسى-مومىسى، ئاتا-ئانا، قېرىنداشلىرى، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، قاردىم، — دەپ جاۋاب بەردى چوڭلار.

— نەزىر-چىراغلىرىنى كاتتا ئۆتكۈزۈشكەنلا؟

— قولىمىزنىڭ يېتىشىچە.

— كاتتا ئۆتكۈزۈش كېرەك، ئەل ئاغزىدا قالغۇدەك كاتتا! بۇلار ئەل-يۇرتنىڭ ئەمىنلىكىنى دەپ جان پىدا قىلغان ئەزىمەتلەر ئەمەسمۇ؟ قارىغاندا، هەر بىرلىرىنىڭ هال-ئەھۋالىمۇ ئانچە ياخشى ئەمەستەك. مانا بۇ ئانىمىزنىڭ كۆزى ئاجىزدەك قىلىدۇ. مانا بۇ ئۆتىلىرىدىمۇ 80 — 90 ياشلىق هايات مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتۈشكەندەك قىلىشىلا.

— شۇنداق قاردىم، توقسەندىن ئاشقىنىمىزغا تۆت-بەش يىل بولۇپ قالدى.

— هەي بىچارىلەر، هىجران-جۇدالىق دەردىدە يۈرەك-باغرى قان-زەرداب بولۇپ كەتكەن بىچارىلەر! — چەكسىز ئېچىنغان قىياپەتتە ئاقىلانە مەسلىھەت بېرىشكە باشلىدى خالىس تىلاۋەتچى، — شەھەرگە هۇجۇم قىلىش، دۈتەي يامۇلىنى ئېلىش سىنجاڭ ئاتىمىزنىڭ ئىجازىتى بىلەن قىلىنغان ئىش ئەمەس، ئوسمان تۆمەنجاڭنىڭ باشباشتاقلىقىدىن بولغان.

— نېمە؟ — هەيرانلىق بىلەن تىكىلدى هازىدارلارنىڭ كۆپچىلىكى.

— سىنجاڭ ئاتىمىزنىڭ گېپىگە كىرگەن بولسا، بۇ يىگىتلىرىمىز بىھۇدە ئۆلۈپ كەتمەيتتى، هەر بىرلىرىمۇ داغى پەرزەنتلىك ئازابى تارتمىشايتتىلە.

— ئاھ، بىھۇدە نابۇت بولۇپ كەتكەن بالام! — يېڭىباشتىن يىغا-زارە باشلىدى بىر نەچچە ئانا.

— ئۇنداق دېيىشمىسىلە، هەرگىز ئۇنداق دېيىشمىسىلە، بۇ-خۇدادىن كەلگەن ئەجەل. قازاغا رىزا بولماق — مۇسۇلمانچىلىقنىڭ ئەقەللىي ئۆلچىمىدۇر. سەۋر قىلىشسىلا... هەر بىرلىرىگە ئاقىلانە مەسلىھەتىم شۇكى، شېھىدنىڭ نەزىر-چىراغلىرىنى كاتتا، ناهايىتى كاتتا ئۆتكۈزۈشسىلە. بۇ — هەر بىرلىرى ئۈچۈن سەۋر-تەسەللىي، شېھىد ئوغلانلارنىڭ روهى-ئەرۋاهى ئۈچۈن كۈچلۈك مەدەت. پۇل مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ ئانچە قىيىن ئەمەس. سىنجاڭ ئاتىمىزنىڭ ئالدىغا كىرىپ، هال-ئەھۋال ئېيتىشسىلا، سىلەر ئۈچۈن پۈتۈن خەزىنىنى ئايىمايدۇ. سىنجاڭ ئاتىمىز

قالتىس مەرد كىشى. مېڭىشىسىلا، يىراق - يىراقتىن كېلىشكەنىدەك تۇرۇشىلا. شەھەر كۆرۈپ، بازار ئايلانغاچ، سىجاڭ ئاتىمىزنىڭ ئالدىغا كىرىشىلە، «يىغلىمىغۇچە ئەمچەك سالماپتۇ» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ قېنى، يۈرۈشىلە، ئوسمان قىرغىزنىڭ باشپاشتاقلىقى تۈپەيلىدىن مۇشۇ كۈنگە قالدۇق دەپ يىغلاشنى ئۇنتۇپ قېلىشمىسىلا. خەير، خۇدايىمغا ئامانەت!...

بۇ هازىدارلار تۆمۈر سىجاڭنىڭ خەيرىخاھلىقى ۋە ئىنئامىغا ئېرىشىپ چىقىپ كەتكەن كۈننىڭ ئۆزىدىلا ئۇلار ئوسمان لۈيجاڭنى ئۈركۈتۈشكە باشلىدى: لۈيجاڭ جانابلىرى، پەخەس بولسىلا. ئۇ كىشى سىلىنىڭ پەيلىرىنى قىرقىماقچى! ئىككى قېتىملىق جەڭدە قۇربان بولغان يىگىتلەرنىڭ ئاتا - ئانا، قۇۋم - قېرىنداشلىرىنى يىغىپ كېلىپ، جانابلىرى ئۈستىدىن قانلىق شىكايەت قىلغۇزدى!...

شۇ كۈنلەرنىڭ بىر كېچىسى تۆمۈر سىجاڭنىڭ بېغى ئەتراپىدىكى بىر ھاللىق ئائىلە بىلەن يۇمىلاقشەھەر قەلئەسى ئەتراپىدىكى ھاللىق بىر ئائىلە قوراللىق بۇلاڭتالاڭغا ئۇچرىدى. زىيانغا ئۇچرىغان بىر تەرەپ تۆمۈر سىجاڭغا، يەنە بىر تەرەپ ئوسمان لۈيجاڭغا ئەرز - ھال ئېيتتى.

— بوي - تۇرقى، رەڭ - چىرايى قانداق نېمىلەر ئۇ؟

— پەرق ئەتكىلى بولمىدى. ھەممىسى نىقابلىق.

— گەپ - سۆز قىلىشمىدىمۇ؟

— قىزچىقىمىز قورقۇپ كېتىپ يىغلىغانىدى، بۇلاڭچىلاردىن بىرى «ئىي قاسقىردىڭ كۈشەكى، نېدەپ جىلايسىڭ؟» دەپ بىر كاچات سالدى.

«ئىچىمىزدە قىرغىزچە سۆزلەيدىغانلار يوق ئىدىغۇ؟ — دەپ ئويلاپ قالدى تۆمۈر سىجاڭ، — ئوسمان ئەسكەرلىرىنىڭ ئويۇنى بولۇپ يۈرمىسۇن يەنە. بىزنى خەلقنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈرۈۋېتىش ئۈچۈن ...»

ئوسماننىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگەن دەۋاگەرلەر مۇنداق دېدى:

— قورقۇپ كەتكەنلىكىمىزدىن ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزىگە قۇلاق سالماپتىمىز. پەقەت «ھالگا»، «داھ يەرلەرنى پىرقىراپ» دېگەنلىرى ئېسىمىزدە قاپتۇ.

— قايسى سۆزنى قايەردە دېگەنلىكىنى ئەسلەپ بېقىڭلار.

— ئۆيگە بېسىپ كىرگەندە «سەنلەر ھالگا يەيسەن، بىز قۇرۇق نان يېيەك بولامدۇ؟» دېگەندەك بىر گەپنى قىلىشۋىدى.

— كېيىنكى سۆزىچۇ؟

— ئالىدىغاننى ئېلىپ، دەرۋازا ئالدى چىققاندا، بىرى «كەلگەن يولىمىز بىلەن دېسە، يەنە بىرى «داھ يەرلەرنى پىرقىرا كەتمەيمىزمۇ؟» دېگەن.

ئوسمان لۈيجاڭ ئۆز ئىچىدە پىكىر يۈرگۈزدى: ئىچىمىزدە مۇنداق سۆزلەيدىغان تورپان - توقسۇنلۇقلار بولمىسا ... تۆمۈر سىجاڭ راستىنلا مېنىڭ پېيىمنى قىرقىماقچىمۇ - قانداق؟...

بۇ ۋەقە نەتىجىسىدە تۆمۈر سىجاڭ بىلەن ئوسمان لۈيجاڭ يەنە مۇنازىرىلىشىپ قالدى:

— بۇلاڭچىلارنى سۈرۈشتۈرۈپ تېپىپ، قاتتىق جازالا! — دەپ بۇيرۇق قىلدى تۆمۈر سىجاڭ، — بىزنىڭ پەرزەنتلىرىمىز «قاسقىردىڭ كۈشەكى» ئەمەس!

— ئۆزلىرىمۇ شۇنداق قىلسىلا، سىجاڭ، — دېدى ئوسمان لۈيجاڭمۇ قاتتىق تەلەپپۇز بىلەن، — مېنىڭ ئەسكەرلىرىم ئىچىدە «داھ

يەرلەردە» قالايمىقان «پىرقىراپ» يۈرىدىغانلار يوق!

ئىبراھىم لوزۇڭنىڭ بېخىدىكى ماشىياۋۇ ھۆجرىسىدا چىلىم قاپىقى توختاۋسىز خۇرۇلداۋاتاتتى. مەستلىك كەيپىنى سۈرۈۋاتقان ئۈچ مۇغەمبەر ھوزۇرلىنىپ كۈلمەكتە ئىدى:

— بىر كېچىلىك بۇ ئويۇنمۇ ئوبدان ئوينالدى! — دېيىشتى ماشىياۋۇ ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن ھالدا.

— شۇنداق، — دېدى خوجا ئىشان بىلەن «قەلەندەر»، — بىر-بىرىنىڭ كۆزىنى چوقۇشقا ئاز قالدى ئۇ ئىككى شۇڭقار!...

......

«خوجا نىياز ھاجىمنىڭ ئىككىنچى خېتى»نىڭ دەل مۇشۇ كۈنلەردە يېتىپ كېلىشى ئىشنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى. پەيزىۋات، مارالبېشى قاتارلىق ناھىيىلەردىكى ھەربىي كۈچنى ئۇلغايتىش، يېڭىسار بىلەن يەكەن، قاغىلىققا ئەسكەر ماڭغۇزۇش مەزكۇر «خەت»تە «ئالاھىدە تەكىتلەنگەن مۇھىم مەسىلە» ئىدى. ھەربىي كېڭەشمە ئوسمان لۈيجاڭ قارىمىقىدىكى ئىككى تۇەننى پەيزىۋات، مارالبېشىغا يۆتكەشنى قارار قىلدى ۋە يولغا سالدى. تۆمۈر سىجاڭ قوشۇنىنىڭ ئىككى تۇەنى يېڭىسار، يەكەنگە يۈرۈش قىلدى. «ئالدى بىلەن يېڭىشەھەر مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىش» پىكرىدە چىڭ تۇرغان ئوسمان لۈيجاڭ 600 ئەسكەر بىلەنلا قالدى.

«ئۇچقۇر ئاياغلار» تېخىمۇ تېز چېپىشقا، «شېرىن زۇۋان»لار تېخىمۇ يېقىملىق سايراشقا باشلىدى:

— لۈيجاڭ ئاتا، ئۇ كىشىنىڭ ئەلپازى يامانراق. ھەپتە-ئون كۈن كۆزدىن چەتلىقمايراق تۇرغايلا، — بۇ — تۆمۈر سىجاڭنىڭ «خىزمىتى»نى قىلىۋاتقان يەتتىنە نەپەر «ئۆز يۇرتلۇق ساداقەتمەن»دىن بىرىنىڭ ئوسمان لۈيجاڭغا ئوغرىلىقچە يەتكۈزگەن مەلۇماتى ئىدى.

— سىجاڭ ئاتا، ئۇ كىشى قارىسىنى كۆرسەتمەس بولۇپ كەتتىمۇ؟ بىرەر تەۋەككۈلچىلىككە تەرەددۇت قىلىۋاتقان بولمىسۇن يەنە، — بۇمۇ دەل ئاشۇ كىشىنىڭ ۋە ھەمشىرىكلىرىنىڭ تۆمۈر سىجاڭ ئالدىدىكى سۆزى ئىدى.

— سىجاڭ ئاتا، ئۇ كىشىنىڭ پەيلى يامان، ھەرىكىتى گۇمانلىق. قەلئە ئەتراپىدا بولغان نازارەتنى كۈچەيتسەك.

— لۈيجاڭ ئاتا، كۆرۈپ تۇرۇۋاتقانلا، ئۇ كىشى سىلىنى قاتمۇقات ئىسكەنجىگە ئالماقچى!

— سىجاڭ ئاتا! ...

— لۈيجاڭ ئاتا! ...

يېرىم كېچە. يۇمىلاقشەھەر قەلئەسىنىڭ شەرقىي بۇرجىكىدىكى «شەتەي يامۇل» سېپىلىدا تۇرۇۋاتقان قاراۋۇل ساداقتىن ئېتىلغان بىر تال ئوقنى كۆتۈرگەن ھالدا ئوسمان لۈيجاڭنىڭ ئالدىغا كىردى. قومۇچ ئوق ئۇچىغا كىرگۈزۈلگەن كىچىككىنە قەغەزگە مۇنداق ئاگاھلاندۇرۇش يېزىلغانىدى: «لۈيجاڭ ئاتا، پەخەس بولسىلا، ئۇ كىشى قول سالىدىغاندەك تۇرىدۇ!»

تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن تەڭ «شەتەي راۋىقى»دىكى قاراۋۇل دوكلات قىلدى: «يارباغ دەرۋازىسى بىلەن يېڭىئاچقان دەرۋازا سېپىلى ئۈستىدە قوراللىق ئەسكەر كۆپىيىپ قالدى!»

ئەتىگەنلىك چاي ۋاقتىدا دەرۋازىدىكى قاراۋۇللار چوڭ كۆل ئەتراپىدا يوچۇن ئادەملەرنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

— تۇتۇڭلار!

تۇتۇلغانلار تۆمۈر سىجاڭ ھوزۇرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان يەتتە «ساداقەتمەن»نىڭ ئىككىسى ئىدى. ئوسمان لۈيجاڭغا خېلىدىن بۇيان تونۇش بولغان بۇ ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ مەخسۇس چارلاش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنلىكىنى «ئېتىراپ» قىلدى ۋە ماۋۇلارنى «پاش» قىلدى:

— تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئەلپازى بەك يامان! سىلەرنى ئومۇميۈزلۈك قورالسىزلاندۇرۇش تەييارلىقىنى ئىشلەۋاتىدۇ. ھازىردىن باشلاپ نازارەت قىلىش، ئىسكەنجىگە ئېلىشنى كۈچەيتمەكچى! ...

ئەتىسى تاڭ سەھەردە يەتكۈزۈلگەن شۇم خەۋەر تۆمۈر سىجاڭنى تولىمۇ بىئارام قىلىۋەتتى:

— «قېچىپتۇ»! ئۇنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ؟ گېپى بولسا، ھەرقانداق تەلىپى بولسا، يۈزتۇرانە ئېيتسا بولماسمىدى؟ 600 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ ...

— سىجاڭ، بۇيرۇق بەرسىلە، دەرھال قوغلايلى!

— تۇتۇپ، باغلاپ كېلەيلى ئۇ قاچقۇننى!

— سىجاڭ! ...

قېنى قىزىپ تۇرغان بۇ ھەربىي كاتتىباشلارنىڭ قەھرى-غەزەپلىك چىرايلىرىغا قاراپمۇ قويمايۋاتقان تۆمۈر سىجاڭنىڭ كۆڭلىنى «نېمە ئۈچۈن؟ زادى نېمە ئۈچۈن؟» دېگەن سوئال قاپلىۋالغانىدى. ئۇ، بۇنىڭغا جاۋاب بېرەلمەيتتى. ئۈچ ئايدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ قۇلىقىغا قويۇلغان مىڭ ياڭزا سۆز-چۆچەكلەر بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش ئىمكانىيىتى بەرمەيتتى. «سىلە — ئاتا، بىز — بالا، بىز سىلە ئارقىلىق ھاجى ئاتىمىزغا بەيئەت قىلىمىز» دەپ خەت يازغان كىشى شۇ ئەمەسمىدى؟ «بىر ئاتىنىڭ بالىلىرى ئەمەسمۇ بىز، تۆمۈر ئاكام» دەپ مەھكەم قۇچاقلىغان قان-قېرىنداش شۇ ئەمەسمىدى؟ ئەمدى نېمە ئۈچۈن؟ زادى نېمە ئۈچۈن؟ ...»

يېكاپ سېغىز توپىلىق يېزا يولىدا چاڭ كۆتۈرۈپ ئۇچماقتا، غەربىي شىمال تەرەپكە قاراپ ئۇچماقتا. ئالغا - يىراقلارغا تىكىلگەن تۆمۈر سىجاڭ ئۆز ئىدىلىك خىيال قاينىمىدا. «قايتىپ كېلىدۇ. ئۇكام، ئاچچىقىڭدىن يان، پەيلىڭدىن يان، ئىنقىلاب يولىدىن يانما دەپ چىرايلىقچە نەسىھەت قىلسام، چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلغان ئاساستا سەممىمىي سىردىشىدىغانلا بولسام ...»

— سىجاڭ، بىرەر يۈزدەك ...

— كۆردۈم، — دېدى شوپۇرغا قاراپ، — شۇلارنىڭ ئالدىدىراق توختات.

كېلىۋاتقان بىرەر يۈز يىگىت ئوسمان لۈيجاڭ قوشۇنىدىكى شەھەرلىك ئۇيغۇر - ئۆزبېك جەڭچىلەر ئىدى. ئوسمان لۈيجاڭ ئۇلارنى «بىز چوقۇم قايتىپ كېلىمىز. لېكىن قاچان قايتىدىغانلىقىمىز توغرۇلۇق ھازىر بىر نېمە دېيەلمەيمىز. سىلەر تاغ تۇرمۇشىغا كۆنەلمەي قىيىنىلىپ قالىسىلەر. ھازىر قايتىپ تۇرساڭلار» دەپ يولغا سېلىپ قويغانىدى. ئۇلار ئوسمان لۈيجاڭنىڭ بەك ئۇزاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى ۋە بىر پارچە خەتنى ئۇزاتتى.

يېكاپ ئارقىغا ياندى. تۆمۈر سىجاڭنىڭ قولىدا خەت، قۇلاق تۈۋىدە ئوسمان لۈيجاڭنىڭ يۈرەك سادىسى: «سىجاڭ ئاتا! ... سىۋۇغۇن چازىدىن يوللىغان خېتىم يادىلىرىدىمۇ؟ پەيزىۋاتتا مەھكەم قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئېيتقانلىرىم يادىلىرىدىمۇ؟ ھىيلە - مىكىردىن خالىي، لەۋزى ھالال، سۆزى ئوچۇق، سادىق - سەمىمىي قېرىنداشلىرى ئىدىم. ھايات - ماماتلىقتا بىللە بولۇشقا قەتئىي ئىرادە باغلىغان ۋاپادار سەپداشلىرى

ئىدىم ... مەن قايتىمەن، تۆۋەندىكى سوئاللارغا قاناتلىنەرلىك جاۋاب ئالالىغان چېغىمدا، جەزمەن قايتىپ بارىمەن: مەن ئىنقىلاب قىلدىمۇ - گۇناھمۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئىككى قېتىملىق جەڭدە قۇربان بولغان يىگىتلەرنىڭ ئاتا - ئانا، قوۋم - قېرىنداشلىرى مېنىڭ ئۈستۈمدىن شىكايەت قىلىشقا مەجبۇر قىلىنىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن كۆزلىرىگە مەن دۈدەك كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدىم؟ نېمە ئۈچۈن مېنىڭ پېيىمنى قىرقىۋەتمەككە ئىرادە باغلىدىلا؟ نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ قىسىم تەقىب ۋە ئىسكەنجىگە ئېلىنىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن مەن بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان كىشىلەر چەتكە قېقىلىشقا ئۇچرايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟ ...»

تۆمۈر سىجاڭ ئىشىنىڭ تېگى - تەكتىگە يەتمەكتە، تۇمان تارقالماقتا، ئاسمان سۈزۈلمەكتە، ئېلىسلارنىڭ قارا كۆلەڭگىسى غۇۋا كۆرۈنمەكتە ئىدى. «جاۋاب بېرىمەن، — ئۆز - ئۆزىگە كەسكىن خىتاب قىلدى تۆمۈر سىجاڭ، — ئۇكام ئوسمان، شەك - شۈبھىسىز ئىشەنگىنكى، قان - قېرىنداشلىق رىشتىمىزنى يىتتە - پاسات خەنجىرى بىلەن كېسىپ تاشلىماقچى بولغان ئېلىسلارنى خەلقى - ئالەم ئالدىدا سازايى قىلىش ئارقىلىق مەن ساڭا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىمەن! ...»

ھاشىنا تۇغراقلىق مازار①غا يېقىنلاشقانىدى. يول ئۈستىگە يىقىتىلغان بىر تۈپ سۆگەتنى كۆرگەن شوپۇر ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى:

— قارىسىلا، سىجاڭ، يولنى توسۇۋېتىپتۇ!

— قانداق ئادەمنىڭ ئىشىدۇ بۇ؟ — تېرىككەن ھالدا بىر - بىرلەپ يىكاپتىن چۈشتى تۆت مۇھاپىزەتچى، — ھەي! ... قايسىڭلارنىڭ ئىشى بۇ؟ ئىنسى - جىن كۆرۈنمەيدۇ - يا؟

سۆگەت چوڭ ئىدى. ھەممەيلەن تەڭ كۈچەشكە تۇغرا كېلەتتى. تۆمۈر سىجاڭمۇ ماشىنىدىن چۈشتى. ئۈشتۈمتۈت ئېتىلغان ئوقلار ئىككى مۇھاپىزەتچىنى جىپىدىن جۇدا قىلدى. تۆمۈر سىجاڭ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— ئوق ئېتىشقان قايسىڭ؟!

— بىزا — يول ياقىسىدىكى ئەسكى تاملىقتىن چىققان قوراللىق باندىت — ماجەنساڭنىڭ ئىشەنچلىك قولچوماقى كاڭ مازا ئىدى.

— كىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بۇ يەرگە كېلىشتىڭ؟!

— مازىخۇيىنىڭ! — قوناقلىقلار ۋە ئەسكى تاملىقلاردىن قارا چېكەتكىدەك چىقىشقا باشلىدى باندىتلار.

— قايتىش!

— ئات! — دېدى كاڭ مازا. زەھەرلىك ئوقلار مۆلدۈردەك ياغدى.

مەشھۇر ئىنقىلابىي سەركەردە — تۆمۈر خەلپىگە ئوخشاشلا ئالدانغان ۋە قاپقانغا چۈشكەنلىكىنى ئەمدىلا بىلگەن بۇ سۆيۈملۈك خەلق قەھرىمانى ئىسسىق قان ئوقچۇپ چىقىۋاتقان سول كۆكرىكىنى چىڭ قامالىغان ھالدا «ئەلھۆكمىلىللا» دېدى ۋە يەنە ئاڭلىنار - ئاڭلانماس پىچىرلىدى:

— قاتىللار، لەنەت سىلەرگە! ئىناقلىق دۈشمەنلىرى، ئىجادلىق دۈشمەنلىرى، لەنەت سىلەرگە!

«كەل، سۆيۈملۈك ئوغلانىم، — ھەسرەتلىك ئىدا قىلدى تومۇز ئاپتىپىدا تاۋلىنىپ تۇرغان ھارارەتلىك تۇپراق، — ئەسىللىرىمىزنىڭ بەختى - ئىجادلىقى ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلغان 41 ياشلىق پالۋان ئوغلانىم، كەل، ئىسسىق قوينۇمدىن شۆھرەتلىك ئورۇن ئال! ...»

قەشقەر تارىخىدىكى يەنە بىر پاجىئەلىك

① يۇرت نامى.

بۇ كۈن — 1933 - يىلىنىڭ 17 - ئاۋغۇستى ئىدى!

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان خوجا ئىشان دارغا ئېسىلىش ئالدىدا يەۋقۇلئاددە كېچىرىم ۋە شاھانە ئىلتىپاتقا ئېرىشكەن قاتىل جىنايەتكاردەك خوش بولۇپ كەتتى. «ئاتىنىڭ ئۆلۈمى — ئىتنىڭ بايرىمى» دېگەن شۇ ئەمەسمۇ؟! ئۇ، ئالدىراش ياساندى، جابدۇندى. كونا - يېڭى خوجايىنلىرى ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ ئوقۇيدىغان ئالقىش - مەدھىيەلەرنىمۇ يادلاپ بولدى. تاما خالتىسىنىڭ ئاغزىنى ئاچقانىدى، يۈرىكى «جىغ»قىلىپ قالدى. «مادوتەي ئالىيلىرى ئىلتىپاتىنىڭ چوڭراقىنى ئىبراھىم لوزۇڭغا بېرىۋېتىپ قالارمۇ؟ ...» ماشياۋۇنىڭ ئىبراھىم لوزۇڭنى «دوتەيلىككە مۇناسىپ كىشى» دېگەنلىكى بۇنىڭ ياددا ئىدى. «ئىسىت، ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش پۇرسىتىنى نېمىشقىمۇ قولدىن بېرىپ قويغاندىمەن؟ تۆمۈرگە ياكى ئوسمانغا ئىككى - ئۈچ قېتىم چېقىشتۇرغانلا بولسام! ...»

— خوجام، ئات تەييار بولدى!

«ھەر كىمنىڭ تۆھپىسىگە يارىشا ئىنئام بېرىشنى بىلەر، ئەلۋەتتە» دەپ پىچىرلىدى خوجا ئىشان ئۈزەڭگىگە پۇتىنى ئېلىۋېتىپ. ئۇ، دەرۋازىدىن چىقاي دەپ تۇرغاندا، «كۆزقۇلاق»لاردىن بىرى ھاسىراپ - ھۆمىدەپ يېتىپ كەلدى ۋە خەۋەر يەتكۈزدى:

— خوجام، شەھەر مالىماتاڭ!

— نېمە دېدىڭ؟

— تۆمۈر سىجاڭ قوشۇنى شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتتى، پىدائىيلار ھۇجۇمغا ئۆتتى. ھەممىلا يەردە بىرلا سادا: ئىنتىقام — قانلىق ئىنتىقام!

— ھە!؟

— ئوسمان لۈيجاڭ تاغدىن چۈشۈۋاتقانمىش. ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى تۇەنجاڭلارغا دەرھال قايتىپ كېلىپ، ھۇجۇمغا ئاتلىنىش توغرۇلۇق خەت - ئالاقە يوللىغانمىش!

— نېمە!؟ — شىددەت بىلەن كەلگەن غايىبانە بىر نەيزە ئۇنىڭ كۆكسىگە قادالغاندەك تولغىنىپ كەتتى.

— خوجام، كۆزلىرىنى ئاچسىلا!

— خوجام! ...

ئۇ، كۆزىنى ئاچقاندا، ئۆز تىلاۋەتخانىسىدا، «قەلەندەر»نىڭ قۇچىقىدا تۇراتتى. تاكچىغا تىكلەپ قويۇلغان ھاسىنىڭ يېنىدىلا پىلىلداۋاتقان جىنچىراغ شولىسى ئاچچىق ئىس - تۈتۈن چىقىرىپ تۇرغان ئەجدىھانىڭ تىلىنى ئەسلىتەتتى. خوجا ئىشان «غەلىبە شارابى» بىلەن مەست بولغان خوجايىنلىرىنىڭ خىزمىتىدە بولالمايۋاتقانلىقىدىن ئەپسۇسلىناتتى. ھىممەت ۋە مەرھەمەتنىڭ چوڭراقىغا ئېرىشەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. «قەلەندەر»نىڭ سۆزى بۇ تۈگۈننى يېشىۋەتتى:

— ئۇيغۇرلاردا، «ئېسىلساڭ، ئېگىز دارغا ئېسىل» دېگەن گەپ بارغۇ؟ پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋەت، ئەقىل - پاراسەتلىرىنى شېڭدۇبەن ئالىيلىرىنىڭ ھىممەت ۋە مەرھەمىتىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىغا تەسەررۇپ ئەيلىگەيلا، — ھەيرانلىق بىلەن چەكچەيگەن ۋە ۋە ئاغزى ئېچىلىپ قالغان خوجىغا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، — ئوسماننىڭ تاغدىن چۈشۈشى ئېنىق، غەلىبە قىلىشىمۇ مۇقەررەر. ئۇنى قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرۇش بەسى مۇشكۈل.

— ئۇنداقتا؟

— ئۇنىمۇ بىراۋنىڭ قولى ئارقىلىق ئۇجۇقتۇرۇش كېرەك؟

— كىمنىڭ قولى بىلەن؟

— ئوسمان — «مىجەزساڭ بىلەن يوشۇرۇن تىل بىرىكتۈرۈپ، بۇ قانلىق ۋەقەنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، تۆمۈر سىجاڭنىڭ جېنىغا

زامىن بولغان چوڭ سۈيىقەستچى، قاچقۇن»، شۇنداقمۇ؟

— بۇ گەپنىڭ تېگى - تەكتىگە دەرھال يەتمىگەن خوجا ئىشان:

— شۇنداق - شۇنداق، — دېدى «قەلەندەر»نىڭ سېھرىگەرلىك ماھارىتىگە ئاز - تولا ھەسەت قىلغان ھالدا، — ئۇنىمۇ «ئۆز يېغى بىلەن» قورۇيدىكەنمىز دە!

— ھەببەللى! ... شىكدۇبەن جانابلىرىنىڭ ئالىي ئىلتىپاتىغا مۇيەسسەر بولىدىغان كۈنلىرى دەل ئاشۇ كۈن — تاغ باتۇرى ئوسمان ئۇجۇقتۇرۇلغان كۈن! ... «قانلىق قىساس!» دەپ نەرە تارتىپ كېلىۋاتقان بۇ قەھرلىك يولۋاسنى ئۆتكەنكىدىن نەچچە ھەسسە داغدۇغىلىق قارشى ئېلىش تەييارلىقىغا جىددىي كىرىشكەيلا.

— بولىدۇ. شىكدۇبەن ئالىيلىرىنىڭ ئىشەنچ ۋە ئۈمىدىنى ئاقلىيالىسام، خوجا ئەۋلادى بولماي كېتەي! ...

## خاتىمە

### 1

ئالتە بۇرجەكلىك قىزىل پانۇسنىڭ غۇۋا شولىسى ئاستىدا، ئاققۇدەك ئاپئاق ئايغىر ئۈستىدە كېتىۋاتقان ئاپئاق ساقال پەرىشتە سۈپەتلىك زات سېپىل دەرۋازىسىدىن ئۆتتى. نېمىشقىدۇ، ئۇدۇل، يېقىن يول بىلەن ماڭماي، ئاق ئوردا تەرەپكە قايرىلدى. دوتەي يامۇل ئالدىغا كەلگەندە، ئايغىرنىڭ تىزگىنىنى تارتتى. يامۇلنىڭ قاپقارا تۆمۈر دەرۋازىسىغا، سېپىلدەك ئېگىز تاملىرىغا ئۇزاقچە تىكىلدى: «ئاھ، دوتەي يامۇل، شاھ سۇلايماننىڭ ئالتۇن ئوردىسىغا بەرگۈسىز يامۇل، ئەمدىغۇ ئىلكىمگە ئۆتەرسەن!...» ئۇنىڭ خىيالى بۈگۈنكى زىياپەتتە بولۇپ ئۆتكەن زىكرى - سۆھبەتلەر ئۈستىگە، ساھىبخان ئۈستىگە يۆتكەلدى. «ئىلمىي بايان-

لىرىڭنى دەستۇر قىلارمىشسەن، يۇرت سورارمىشسەن تېخى! نى - نى ئادەملەرنىڭ ھاياتلىق يولىنى كېسىپ تاشلاشقا قۇربىتى يەتكەن مەشھۇر سەئىدزادە سېنىڭ دەۋران سۈرۈۋېرىشىڭگە سۈكۈت قىلىپ تۇرارمۇ يەنە؟ پېقىر نەگە كېتىۋاتىمدۇ، قەيەرگە!؟...»

ئاق ئايغىر يارباغ دەرۋازىسىدىن ئۆتتى، كۆۋرۈككە يېقىنلاشتى. خوجا ئىشاننىڭ كۆز ئالدىدا ئۇنىڭ خەيرىخاھى، باشپاناھى شىك شەمسىي گەۋدىلەنمەكتە ئىدى. ئەنە، كۆپكۆك بىر جۈپ كۆز. كۆك كۆزلۈك بۇ مەخلۇقنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى گويا غايەت زور كۆك پانۇسقا ئايلانماقتا، بىر تالاي چەرەندە - پەرەندىلەر بۇ پانۇس ئەتراپىدا پىرقىرىماقتا. «ئاھ، خۇدا! — دەپ نالە قىلدى خوجا ئىشان، — ئەرزىمەس چەرەندە - پەرەندىلەرگە ئىنئام قىلغان بىر جۈپ قاناتنى پېقىردىنمۇ ئايىمىغان بولساڭچۇ! قاناتلىق ھەم زۇۋانلىق بىر چەرەندىگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن بولساڭ، ئاشۇ پانۇسقا ھەممىدىن بۇرۇن باغرىمنى يېقىپ، مۇنداق دەپ ۋىچىرلاپ كەتمەسمىدىم:

«ئاتام سىز، خەيرىخاھىم سىز،
يۆلەكچىم، باشپاناھىم سىز.
يورۇق كۈندۈزدە ئاپتابىم،
قاراڭغۇ تۈندە ماھىم سىز.
مېنىڭ كۆڭلۈم ئەمەس تارتقان
يىراق بەيتۇلمۇقەددەسنى،
تاۋابگاھ، قىبلەگاھىم سىز،
ئۆمۈرلۈك سەجدەگاھىم سىز...»

— ئاتتىن چۈش، مۇناپىق! — كەلكۈن نەتىجىسىدە ۋەيران بولغان چوڭ كۆۋرۈكنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى لىك - لىك كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، بونجالىق تەرەپكە يۈزلەنگەن ئاق ئايغىر چۇلۋۇرى قەھرى - غەزەپلىك ئىككى ئەزىمەتنىڭ ئالقىنىدا تۇراتتى.

— با - لە - لە - ردىم.... — جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان خوجا ئىشان كاچكۇلدىن تارتىپ چىقىرىلغان لالما ئىتتەك لاغىلداپ تىترىمەكتە ئىدى.

— چۈش دەيمەن! — گېجىگىسىگە تاشلانغان قۇدرەتلىك بىر قول ئۇنى زەي تۇپراققا ئاتتى.

— با - لە - لە - ردىم...

— زۇۋانىڭنى ئۈچۈر، مۇناپىق!

قىساسكار بۈركۈت پەنجىسىگە چۈشكەن بۇ قېرى تۈلكە قويۇق بونجالىقنىڭ ئەڭ ئىچكىرىدىكە سۆرەپ كىرىلگەنىدى. كۆز ئالدىدا چاقناپ تۇرغان قىساس شەمشىرىگە ئىككىلىپ قاراشقا پېتىنالمايتتى. ئۇنىڭ ياقىسىنى مەھكەم سىققان ئەزىمەت سوت - سوراق قىلىشقا باشلىدى:

— ۋەتەن - خەلقىمىزگە چىش - تىرنىقىغىچە دۈشمەن بولغان مۇستەبىت ھۆكۈمرانلارنىڭ قانلىق بوسۇغىسىنى سەجدىگاھ قىلىۋالغان مۇناپىقلارنىڭ پېيىنى قىرقىپ تاشلاش كېرەك. شۇنداقمۇ؟

— بۇ ... بۇ ...

— مەزكۇر مۇناپىق ئەنە شۇ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلارنى جاناب رەسۇلۇللا بىلەن تەڭ باراۋەر ئورۇندا قويۇپ ماختىغان بولسا، تىلىنى كېسىپ تاشلاش كېرەك. شۇنداقمۇ؟

— بۇ ... بۇ ... بۇ ...

— ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئەنە شۇنداق ھۆكۈمرانلارنىڭ قانلىق بوسۇغىسىنى تاۋابگاھ، قىبلىگاھ، سەجدىگاھ قىلدىڭ! مۇقەددەس كىتابلارنى قولتۇقلىغان ھالدا مەسچىت، مەدرىس، خانىقالار ئارىسىدا قاتراپ يۈرۈپ، قۇللۇق - مەھكۇملۇق زەھىرى ساتتىڭ، ھەددىڭدىن ئېشىپ، «جاناب رەسۇلۇللادىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ، ئەگەر كېلىدىغان بولسا، شەك - شۈبھىسىزكى، شېڭ دۇبەن ئالىيلىرى كەلگەن بولاتتى» دەپ بىلىنجىرلاش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتىڭ! جىنايى قىلمىشلىرىڭنى سۆزلەپ، يېزىپ تۈگەتكىلى بولامدۇ، مۇناپىق!؟

— بىر قوشۇق ... بىر قوشۇق قېنىم ...

— بىر تامچە قېنىڭدىن مىڭ چايانىڭ زەھىرى تېمىپ تۇرسا، بىر قوشۇق قېنىڭدىن كېچىشكە بولامدۇ سېنىڭ؟ سەندەكلەرگە رەھىم - شەپقەت قىلىنسا، سان - ساناقسىز شېھىد - قۇربانلار ئۆز قەبرىلىرىدە خاتىرجەم ياتالامدۇ؟ قەبرە سىرتىدىكى تۈمەن مىڭلىغان ئاق كۆڭۈل، ساپ ۋىجدانلىق ئەركسۆيەر ئادەملەر خاتىرجەم ھايات كەچۈرەلەمدۇ؟ سەن بىلەن مۇنازىرىلىشىپ تۇرغۇدەك ۋاقتىمىز يوق. كەل، مۇناپىق!

ناماز بامداتتىن بۇرۇن بونجالىقتىن ئۆتكەن كىشىلەر پېيى قىرقىۋېتىلگەن بىر جەسەتنىڭ تىلى ساڭگىلاپ قالغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ساڭگىلاپ قالغىنى «تىل» ئەمەس، پىيالە چەپچىكى چوڭلۇقىدىكى كۆمۈچ مۆھۈر بېسىلغان «زىكرى - سۆھبەت خاتىرىسى» — ئۆزىنىڭ ئىقرارنامىسى ۋە ھۆكۈمنامىسى ئىدى!

2

يېقىندا مەن ئىنقىلاب قۇربانلىرىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ، دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ قايتىۋېتىپ، نەچچە ئادەمنىڭ ھەشەمەتلىك گۈمبەز ياساش بىلەن بەنت بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. قايسى ئۇلۇغزاتنىڭ گۈمبىزى ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش نىيىتىدە ئۇلارنىڭ يېنىغا باردىم.

— سەئىدزادە خوجا ئىشان خوجام ھەزرەتلىرىنىڭ، — دەپ جاۋاب بېرىشتى ئۇلار.

— قەبرە تېشىمۇ تىكلەيدىغانسىلەر؟

— تىكلەيمىز! — ئاچچىق مەسخىرىنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى يوقاتقان ھاماقەتتىن

بىرى جاۋاب بەردى كۆرەڭلىك بىلەن، — پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ 34 - نەۋرىسى ئەمەسمۇ بۇ ئۇلۇغزات!

ئۆز ئىچىمدە چاراڭلىق خىتاب قىلدىم: ئەينى زاماندىكى «قۇيرۇقلۇق مازار خوجام»، «مۈڭگۈزلۈك مازار خوجام»، «ساقاللىق مازار خوجام»لارنىڭ تەرسا، ئاچكۆز، مۇغەممەر، بىشىمان شەيخلىرى شۇنىڭغا تايىنىپ جان بېقىپ ئۆتكەن. بۇلارنىڭ تاللىۋالغىنىمۇ شۇ يول ئىكەن - دە؟ قېنى، ياساۋەرسۇن، تىكلەۋەرسۇن، بىزمۇ شۇ «ئۇلۇغزات»لارنىڭ ھەقىقىي سۈرىتىنى سىزدۇرەيلى!

1987 - يىل نويابىر، 1988 - يىل مارت، قەشقەر

---

مەسئۇل مۇھەررىرى: قۇربان مامۇت



تالانتلىق دراماتورگ، يازغۇچى، شائىر—مۇھەممەتئىبلى زۇنۇن 1939- يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ ساقىيە مەھەللىسىدە، ئۇششاق تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ، 1952- يىلى باشلانغۇچ مەكتەپنى، 1955 - يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى، 1958 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، 1978- يىلغىچە ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 - ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كەسپىي ئىجادىيەتچىسى. «ئالىي ئىجادىيەتچى» كەسپىي ئۇنۋانى بېرىلگەن.

مۇھەممەتئىبلى زۇنۇن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە دەسلەپتە شېئىرىيەت بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇ، 30 نەچچە يىللىق ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىدا كۆپلىگەن شېئىر، ناخشا تېكىستى، باللادا، داستان، ھېكايە، پوۋېستلىرى ۋە سەھنە ئەسەرلىرى بىلەن جامائەتكە تونۇلدى. 1978 - يىلدىن باشلاپ، دراما ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر دراماتورگىيىسىگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى.

ئۇنىڭ «كارۋان ناخشىسى» ناملىق ناخشا تېكىستلىرى توپلىمى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن، «گۈلمېھرى» ناملىق داستانى بىلەن «ۋىسال سەھىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن، «قوش مەسچىت»ناملىق ھېكايە - پوۋېستلار توپلىمى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن، «ئاچا - سىڭىل» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى بىلەن «جەنۇبتىكى جەڭ مارشى» ناملىق درامىلار توپلىمى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

مۇھەممەتئىبلى زۇنۇن ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

—مۇھەررىردىن




**مامۇت زايىت**

بار ئىكەن ئاجايىپ گۈزەل بىر شەھەر،
ئىككى مىڭ ئۈچيۈز يىل بۇرۇن ـ مۇقەددەم.
باستۇرۇپ كەلگەنمىش بۇندا ئىسكەندەر①،
ئەل ـ يۇرتنىڭ بېشىغا چۈشمىش قايغۇ ـ غەم.

ئىستېلا قىلماقچى بوپتۇ بۇ ئەلنى،
كەلگەندى قوشۇنلار قان ـ ئوغا چېچىپ.
شەھەرنىڭ خەلقلىرى چىڭ باغلاپ بەلنى،
قارشى ئاپتۇ ياۋنى كەسكىن جەڭ ئېچىپ.

بولغاچقا كۈن ـ تۈنلەپ شىددەتلىك ئۇرۇش،
تارىمنى تاشتۇرمىش جەسەت بىلەن قان.
مۆلچەرلەپ ئەھۋالنى قوماندان قۇرۇچ،
چېكىنىش توغرۇلۇق بېرىپتۇ پەرمان.

دەپتۇ خان: «ئەي باتۇر، ئەقىللىق سەردار،
نېمىشقا قورقاقلىق قىلدىڭىز بۈگۈن؟»
دېگەنمىش قۇرۇچ: «شاھ، بىزنىڭ بۇ دىيار،
كۆپ ئۆتمەي يېشىلەر بىر سىرلىق تۈگۈن.

ئۇلار كۆپ، بىز ئازمىز، تەكەپپۇر ئەمەس كۈچ،
ھېچقاچان قاراملىق قىلمايدۇ دەنا.
تاغلارغا چىقايلى ئالماق ئۈچۈن ئۆچ،
غالىبمىز، بار تەگرى، مۇقەددەس دەريا. . .»

چىقىپتۇ كېچىدە بۇ ئەلنىڭ خەلقى،
تارىمنىڭ ئېقىنى باشلانغان تاغقا.
ئۆچ ـ قىساس، غەزەپتىن ئۆرتىنىپ قەلبى،
تولۇپتۇ ۋۇجۇدى ھىجران ـ پىراققا.

لەشكىرى قوماندان دانىشمەن قۇرۇچ،
ئون تۈمەن كىشىنى جەم قىلىپ دەرھال؛
دەپتۇ ئۇ: «ياۋ كەلدى قىلغىلى ئۇرۇش،
يولىنى قىلايلى سۇ بىلەن قامال»

ئىسكەندەر قوشۇنى قوغلاپ شۇ چاغدا،
كەلگەنمىش بۇ تاغنىڭ تۈۋىگە ـ سايغا.
يۇرت خەلقى تاش توسما ياساپ تىك تاغدا،
ئېقىننى باشلاپتۇ ياۋ تۇرغان جايغا.

مۆجىزە يۈز بېرىپ يېرىم كېچىدە،
شىددەتلىك چوڭ ئېقىن ساينى قاپلاپتۇ.
قىيامەت بولۇپتۇ دۈشمەن ئىچىدە،
كەلكۈننىڭ دەستىدىن داد ـ پەرياد ساپتۇ.

ئىسكەندەر چېچىنى يۇلۇپ، چەكمىش «ئاھ»
بولغاچقا لەشكەرنىڭ كۆپى سۇغا غەرق.
دەپتۇمىش ۋەزىرى: «ئېيتقانتىم ئەي شاھ،
ئەزەلدىن ئۇيۇشقاق، قۇدرەتلىك بۇ شەرق. . .»

ئاي چىقىپ، يورۇتۇپ سايىنى شۇ پەيتتە،
ئاپئاق نۇر چېچىپتۇ شىددەتلىك ئاق سۇ.
ئىسكەندەر دېگەنمىش پىغان ـ ھەسرەتتە:
«بېلىمنى ئۇشاتتى قۇدرەتلىك ئاق سۇ. . .»

تاغلاردىن ياڭراپتۇ تەنتەنە ـ سادا:
«دۈشمەننى غەرق قىلىپ تىنىمسىز ئاق سۇ!
ھامىيەن بىز ئۈچۈن ـ قۇتقازغۇچ خۇدا،
سەن ئۈچۈن پىدادۇر جېنىمىز، ئاق سۇ!. . .»

قايتىپتۇ سالپىيىپ مەغلۇب ئىسكەندەر،
ئاق نەرسە كۆرسىلا تىترەرمىش تامام.
شۇ چاغدىن باشلاپلا بۇ غالىب شەھەر،
ئالغانمىش «ئاقسۇ» دەپ سالتەنەتلىك نام.

① ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن.




نىزامىدىن ھۈسەيىن

# 2 - قىسىم. جاھالەت تۇمانلىرى

## 1 . مەنبەسىز — ساختا تەرىپاتلار

### I . تارىخىمىزدىكى ئېزىتقۇ «پىر» زادىلار توغرىسىدا*

تارىخىي مەنبەلەردىن بىلىشىمىزچە، مىلادى 16 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي زامانلار ئىچىدە بىزنىڭ يۇرت - ماكانلىرىمىزدا (مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا) بىر بۆلۈم ئەجنەبىي تەرىقەت «داھىي» — روھانىلىرى يەنى سوپى - ئىشان «ئۇلۇغ» لىرى ئاتالمىش «دىنىي» تەرىقەت ئىدىيىلىرى- (سوپىلىق يوللىرى) نى تارقىتىش، تەرىقەت ھەرىكىتى يۈرگۈزۈش (ئەجدادلىرىمىزنى تەركىي دۇنياچىلارغا ئۆزگەرتىش - سوپىلاشتۇرۇش) ئورۇنۇشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشقانلىقى مەلۇمدۇر. «خوجا مەشرەپ تەزكىرىسى»، «مەخدۇم ئەزەم تەزكىرىسى»، «ئاپپاق خوجا تەزكىرىسى»، «مەخدۇم ئەزەم نەسەبنامىسى»، «بورقۇم ئەۋلىيا» ۋە «تەزكىرەيى پىر- ياران» قاتارلىق ئىشەنچلىك يازما مەنبەلەرگە بىنائەن. بۇ خىل سوپىزم تەرىقەت روھانىلىرىنىڭ بىزگە پەيدا بولغان ۋاقىت جەريانلىرىنى، ئۆز ئارا نام - نەسەب، مۇناسىۋەت، ئالاقە، مۇجادىلە، تەقدىر جەھەتلەردىكى ۋاقىئاتلىرىنى، بىزدە سادىر قىلغان ھەرىكەت قىلمىشلىرى بىلەن تارقاتقان «دىنىي» تەرىقەتلىرىنىڭ مەنە، خىسلەت، نام، شەكىل جەھەتلەردىكى ئۆزگىچىلىك پەرق - خۇسۇسىيەت خاراكتېرلىرىنى تۆۋەندىكى تۆت چوڭ نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ:




بىرىنچى نۇقتا: «ئەھلى تەرىقەت» چىلەر نۇقتىنىسىدۇر. بۇ نۇقتىغا سۇلتان سەئىدخان ئىبنى سۇلتان ئەھمەدخان زامانلىرىدا (مىلادى 1514—1533) پەرغانە، سەمەرقەند، بەلخ، ئەھرار قاتارلىق جايلاردىن

* بېشى ئۆتكەندىكى ساندا

تۇنجى قېتىم يەكەن، قەشقەر، قاراشەھەر —(كورلا) تەرەپلەرگە تەرىقەت تەرغىباتچى-
لىرى ئۈچۈن ھىجرەت—(سەپەر) قىلىپ پەيدا بولغان چوڭ تەرىقەت روھانىيلىرىدىن بۇخارالىق
ئوبۇ ھەبى كىبىرنىڭ نەۋرىسى خوجا ئەرشىددىن، بەلخلىق شەيخ شاھابىددىن، پەرغانىلىق
خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ، ئۇنىڭ چوڭ ئاكىسى خوجا خاۋەندە مەھمۇد، خوجا مۇھەممەد ئەبەيد-
دۇللا بىنىنى خوجا مۇھەممەد ئابدۇللا، ئەسلى ھىراتلىق مەخدۇم ئەزەم—(خوجائەھمەدكاسانى)،
ئەھرارلىق خوجا مۇھەممەد ئىمىن، سەمەرقەندلىك خوجا مۇھەممەد شېرىپلەر — («تەزكىرە
پىر - ياران»دا تەرىپلەنگەن «سەككىز ۋەلى» ياكى سەككىز ئەۋلىيا — ئا) گۇرۇھنۇقتىسى-
دۇر. بىز — دەۋرى - زامان ئورتاقلىقى ئېتىبارى بىلەن گۇرۇھ دەپ قارىۋاتقان بۇ تەرىقەت
نۇقتىلىرىنىڭ «داھىي»، «يېتەكچى»لىرىنى ئەمەلىيەتتە «تەرىقەت»نى مەۋھۇم شوئار قىلغان،
بىرىنىڭ «تەرىقىتى» يەنە بىرىنىڭ «تەرىقىتى»گە زىت، شوئارى بىر، مەقسىتى بۆلەك، پەۋ-
قۇلئاددە مۇتەئەسسىپ «يېتەكچى» ئىزاچىلار گۇرۇھ نۇقتىسى دېيىشكىمىز تامامەن بولىدىغان
نۇقتىدۇر. بۇ گۇرۇھ «داھىي» لىرى تۇنجى قېتىم يەكەن، قەشقەرنى مەركەز قىلىپ، جەنۇبىي
شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا - (ئاساسەن 16 - ئەسىر) ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا ئۆز
ئېتىقادلىرىدىكى «تەرىقەت» لىرىنى يەنى «قادىرىيە» ① ياكى «جەھرىيە»، «خۇفىيە» ②
ياكى «نەقشىۋەندى»، «سوھرى ۋەدىيە» ③ ، «چىشتىيە» ④ ، «كىبىرىيە» ... «تەرىقەت»لىرى
(ئۇلار ئۆزلىرى سۈلۈك دەپ ئاتاشتان)نى تارقىتىش، كېڭەيتىش بىلەن مەشغۇل بولۇشقان.
ھازىرقى يەكەن، قاغىلىق، مەكىت، گۇما، قارىقاش، لوپ، ئىلچى
—(خوتەن) قاتارلىق 15 ناھىيە تەۋەلىرىدە يۇقىرىقى «تەرىقەت» — («ئىخلاس
تەرىقەت»لەر) مەركەزلىرىنى بەرپا قىلىشقان. يەرلىكتە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن— («يېتىمىش-
كەن») بىر قىسىم «ئۇلۇغ زات»لارغا «مۇرىت»لىق، «پىر»لىق ئېرشاتنامىلىرى — («ئىشانلىق
گۇۋاھنامىلىرى — ئا) تارقىتىشقان. ئۆز ئېتىقادلىرىدىكى تەرىقەتلەرنى بولسا، شوئارى
تەرىپاتلىرىدا «ئېتىقاد ئاساس — 1 - ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھالال، 2 - ئېتىقاد - ئىبادەت
ھەرىكەت، سۈكۈت، سەۋر، تاقەت يولىدۇر» دەپ شەرھىلەشكەن. ئۇنداقتا بۇ تەرىقەتچىلەرنى
دەماللىقتا مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىياتنى ئېتىراپ قىلمايدىغان، كىشىلەرنى رېئال ھاياتنىڭ

---

① «قادىرىيە تەرىقىتى»: (ئىجادچىسى — خۇراسانلىق شەيخ ئىسلام دېگەن كىشى) تۇغلۇق تۆمۈر-
خان ۋاقتىدا جەنۇبىي شىنجاڭغا پەيدا بولغان. ئۇ، ئىنسانلارنى بارلىق شەخسىي ئارزۇ - ھەۋەسلەردىن،
مۈلۈك، مەرتىۋىلەردىن مەڭگۈ ۋاز كېچىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

② «خۇفىيە تەرىقىتى»: (ئىجادچىسى— شاملىق ئوبۇلھاشىم دېگەن كىشى) مەخدۇم ئەزەم تەرىپىدىن
16 - ئەسىردە جەنۇبىي شىنجاڭغا تارقىتىلغان ھەم ئۇنىڭدىن «نەقشىۋەندى» مەزھىپى شاخلىنىدۇرۇلغان.
بۇ تەرىقەت مۇسۇلمانچىلىق «بەش پەرز»نى تولۇق ئادا قىلىشنى، شەرىئەت ئەھكاملىرىغا رىئايە قىلىشنى
تەشەببۇس قىلىدۇ. ئىبادەتنى «تەھەججۇت» دەپ ئاتايدۇ.

③ «سوھرى ۋەدىيە تەرىقىتى»: (ئىجادچىسى — باغدادلىق نەجمىددىن شەيخ) 16 - ئەسىردە باغ-
دادلىق ئەبۇ نەجىب سوھرەۋەدى دېگەن كىشى كېڭەيتكەن. دەۋەتلىرى «قادىرىيە» مەزھىپىگە ئوخشاش.
خوجا مۇھەممەد ئەبەيدۇللا ئىشان ئافغانىستاندىن شىنجاڭغا كېڭەيتكەن.

④ «چىشتىيە تەرىقىتى»: (ئىجادچىسى — مەۋلانا جالالىددىن رۇمىي) خۇراساننىڭ چىشتى دېگەن
يېرىدە ئوبۇ ئىسھاق چىشتى دېگەن كىشى تەرىپىدىن كېڭەيتىلگەن. ئەھرارلىق خوجا مۇھەممەد ئىمىن ئىشان
شىنجاڭغا كېڭەيتكەن. ئۇلار ئىبادەتنى ھەرخىل مۇزىكا، چالغۇ ئەسۋابلىرى ئارقىلىق ئورۇنداپ، ئاللاھنى
مەدھىيىلەيدۇ. يەر تەۋرىسە، چاقماق چاقسا، باشقا تەبىئىي ھادىسىلەرنى كۆرسە، ئاللاھنىڭ بەندىلەرگە
قىلغان ئىشارىتى، بىرخىل كۆرۈنۈشى دەپ بىلىدۇ. ئادەمنى ئادەمنىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىشىگە قارشى تۇرىدۇ.
ئىسلام ئۈچۈن غازات قىلىش دېگەنلەرگىمۇ قارشى تۇرىدۇ. «چىشتىيە»چىلەر
ھەريىلى رامىزان ئېيىدا ئادەم يوق پىنھان جايدا 40 كۈن ئىستىقامەت قىلىشنى تەرغىب قىلىدۇ.

نازۇ - نېمەتلىرىدىن پايدىلىنىشقا، ئەمگەك قىلىشقا، بىلىم ئېلىشقا، ئىجتىمائىي ئادالەت-سىزلىككە قارشى تۇرۇشقا چاقىرىدىغان، يېتەكلەيدىغان ھالال ھەم تۇغرىلىققا شەكسىز مايىل - ئىجابىيراق تەرەققىيچىلەر دەپ ئەزۋەيلەشكە مۇمكىن بولغان بولاتتى.

بۇخىل مەۋھۇم مۇمكىنچىلىك چۈشەنچىسى مېنىڭچە كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ تەرغىبات مەز-مۇنلىرىدىن يەنى «دۇنيانىڭ نازۇ - نېمەتلىرىنى ئىزدىگەن سوپى ئەمەس، ئۆز ھاياتىنى بەختسىزلىك ۋە غۇربەتتە، تائەت - ئىبادەت، ھەمدۇ - سانا، يىغا بىلەن ئۆتكۈزگەن كىشى ھەقىقىي سوپىدۇر» دېگەن لەۋزى بېشارەتلىرى — (ساختا بېشارەتلىرى، ئەلۋەتتە) دىن ھاسىل بولاتتى. دېمەك، ئۇلارنى ئەينى چاغلاردا سىرلىرى يېپىق، كارامەتلىرى يوشۇرۇن كىشىلەر دەپ پەرەز قىلىنىشقىمۇ بولاتتى.

سۇلتان سەئىد خان، ئابدۇرەشىتخانلار ... ھاكىمىيەتلىرىنىڭ بۇخىل كىشىلەرنىڭ ھەرە-كەتلىرىنى «ئىخلاس تەرىقەت» يەنى نوقۇل دىنىي تەرىقەت — «خۇدالىق ئالەم» نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ ئىجابىي ئېتىبارلاردا مۇئامىلە قىلىپ ئۆتۈشلىرى ئەنە شۇ دىنىي چۈشەنچە ۋەجىدىن ئىدى.

ئىككىنچى نۇقتا: «تەرىقەتتى بالاغەت»چىلەر نۇقتىسىدۇر (بۇ، «تەرىقەت» ئىستىب-داتلىقىنى ئىنتايىن قەبىھ ئەۋج ئالدۇرۇلغان زامان نۇقتىسى، ئەلۋەتتە). بۇنۇقتىدا 16-ئەسىردىن 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئەجدادلىرىمىز ئۈستىدە «دىنىي»، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردىن قاتتىق زورلۇق - زومبۇلۇق يۈرگۈزگەن، ئىستىبدات، زوراۋان كۈچلەرگە تايىنىپ سەئىدىيلەر ئۇيغۇر خانلىقلىرىنى يوقىتىپ تاشلىغان ئەڭ ئەكسىيەتچى سىياسىي گۇرۇھ — مەخدۇم ئەزەم گۇرۇھ نۇقتىسى مەنسۇپلىنىدۇ. بۇ گۇرۇھ نۇقتىسىنىڭ نەسەب، مەزھەپ، تەشكىلىي ئاقىۋەت، ھەرىكەت، ئورۇن سىستېمىلىرىنى يېتەكچى خاراكتېرلىك چوڭ سىياسىي ئىشانلار تۈركۈملىرى دائىرىسى بويىچە تۆۋەندىكىچە ئاتاپ ئۆتۈپ كېتىش مۇمكىن:

1 - مەخدۇم ئەزەم: ئۇ مىلادى 1471 - يىلى ھىراتلىق سەئىدجالالىددىن ئىشان ئائىلى-سىدە دۇنياغا كەلگەن. 1520 - يىلىدىن 1533 - يىلىغىچە ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭ تەۋەسىدە «تەرىقەت ئۇستازى» — چوڭ ئاقسۆڭەك خوجا ئەبەيدۇللا ئەھرار باھاۋىدىدىن نەقىشۋەن تەرى-قىتى—(«نەقىشۋەن سۇلۇكى») نى تارقاتقان ھەم جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ دىنىي، سىياسىي ھۆكۈم-رانلىقىغا خىرىس قىلىش بىلەن ئۆتكەن كىشىدۇر. بۇنى مەخدۇم ئەزەم نەسەبلىرى ئۈچۈن باشلانما—1 - ئەۋلاد دېيىشكە بولىدۇ.

2 - مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئوغۇللىرى — (2 - ئەۋلاد خوجىلار): ئىسھاق خوجا— (خوجا ئىسھاقى ۋەلى)، ئىشان خوجا — (سەردار ئىشان)، سۇلتان ئىبراھىم خوجا، مۇھەممەد خوجا، مۇھەممەد ئىمىن خوجا - (ئىشان كالان)لار.

3 - ئىسھاق خوجا بىلەن مۇھەممەد ئىمىن خوجىلارنىڭ ئوغۇللىرى— (3 - ئەۋلاد خوجىلار): قۇتبىددىن خوجا، شادى خوجا، يەھيا خوجا، ئابدۇللا خوجا — (بۇلار ئىسھاق خوجىنىڭ)، مۇھەممەد يۈسۈپ خوجا، مۆمىن خوجىلار— (بۇلار مۇھەممەد ئىمىن خوجىنىڭ) ئوغۇللىرى.

4 - ئابدۇللا خوجا بىلەن مۇھەممەد يۈسۈپ خوجىلارنىڭ ئوغۇللىرى — (4 - ئەۋلاد خوجىلار): دانىيال خوجا، ئەييۇپ خوجا— (بۇلار ئابدۇللا خوجىنىڭ)، ھىدايىتۇللا (ئاپپاق

خوجا)، خان خوجا، كارامەتۇللا خوجا — (بۇلار مۇھەممەد يۈسۈپ خوجىنىڭ) ئوغۇللىرى.

5 - دانىيال خوجا بىلەن ھىدايەتۇللا (ئاپپاق) خوجىلارنىڭ ئوغۇللىرى — (5 - ئەۋلاد خوجىلار): جاھان خوجا، ئەييۇپ خوجا، يۈسۈپ خوجا، خامۇش خوجا — (نىزامىددىن خوجا)، ئابدۇللا خوجا — (بۇلار دانىيال خوجىنىڭ)، يەھيا خوجا — (خان خوجا)، ھەسەن خوجا، ئىنايەتۇللا خوجا، كارامەتۇللا خوجا ... (بۇلار ئاپپاق خوجىنىڭ) ئوغۇللىرى.

6 - يۈسۈپ خوجا بىلەن يەھيا خوجىنىڭ ئوغۇللىرى — (6- ئەۋلاد خوجىلار): ئابدۇللا خوجا، مۆمىن خوجا، قۇتبىددىن خوجا، بۇرھانىددىن خوجىلار — (بۇلار يۈسۈپ خوجىنىڭ)، ئەھمەد خوجا — (ئالىي خوجا) پاكى پادىشاھ خوجا — (بۇ يەھيا خوجىنىڭ) ئوغلى.

7 - ئابدۇللا خوجا بىلەن ئەھمەد خوجىنىڭ ئوغۇللىرى — (7 - ئەۋلاد خوجىلار): شەمسىددىن خوجا، يەھيا خوجا، ئەھمەد خوجا، ئابىد خوجا — (بۇلار ئابدۇللا خوجىنىڭ)، خوجا جاھان خوجا، بۇرھانىددىن خوجا — (بۇلار ئەھمەد خوجىنىڭ) ئوغۇللىرى.

يۇقىرىقىلار مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئۆزىدىن ھېسابلىغاندا خاس بىر نەسەب — يەتتە ئەۋلاد، مەشھۇر 48 چوڭ (ئىرشاتلىق) خوجا بولۇپ، بۇلارنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا جارى قىلدۇرغان «دىنىي تەرىقەت»لىرىنىڭ شەكىلدىكى نام - تۈرلىرى: «ئىناقىيە»، «ئىسھاقىيە»، «داۋانىيە»، «ئىشقىيە»، «ئىمامى رەببانى»، «كىبرۇيە»، «مۇفتى» ... دېگەندەك 20 نەچچە خىلغا بارىدۇ.

ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك بىزنىڭ يۇرت - ماكانلىرىمىزدا سىياسىي، دىنىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن چوڭ - چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتكەن، «ھاكىمىيەت»، ھوقۇق، ئورۇن تۇتقان، سەلتەنەت سۈرگەن «پاشا خوجام»، «خان خوجام»، «ئەۋلىيا خوجام»، «ئالىي زات»لار يەنى مەشھۇر سىياسىي يېتەكچى خوجىلاردۇر. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا بۇلارنى نەسلى - نەسەب دائىرىسى كەڭرەك، تەسىرى چوڭ، بېقىندى مەۋقەلىك، قىلمىشلىرى ئالاھىدە ھەم ئالاھىدە خارەكتېرلىك تارىخىي شەخسلەر تۈركۈملىرىدىن ئاتاپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنىمۇ ئىزاھلاش ھاجەتكى، بۇلارنىڭ تەركىبىدە يېڭىلگەندە خەلق تەرەپ، يەڭگەندە ئۆز تەرەپ ياكى «يامان چاغدا ئەل بىلەن، ياخشى چاغدا ئۆز بىلەن» بولغان قوش خارەكتېرلىك شەخسلەرمۇ يوق ئەمەستۇر.

ئۈچىنچى نۇقتا: «تەرىقەتنى مادارا»چىلار ئۇقتىسىدۇر. بۇ نۇقتىدا يۇقىرىقى «تەرىقەتنى بالاغەت»چىلەر تۈركۈملىرىدىن بۆلەك مەخدۇم ئەزەمنىڭ نەۋرە - نەسەبلىرىدىن مىلادى 1760 - يىللىرىدىن 1901 - يىللارغىچە ئىزچىل ھالدا «تەرىقەتنى مادارا» يولىدا كۈرەش قىلىپ ئالەمدىن كەتكەن پۈرسەتچى خوجىلاردىن ساماساق خوجا، ھاشىم خوجا، ھۈسەيىن خوجا، تۇردى خوجا، ئابدۇراھمان خوجا، مامۇت خوجا، پەرسا خوجا، خوجەك خوجا، ئىمىن خوجا، ئوداي خوجا، سېيىت ئابدۇللا خوجا، خوجىس خوجا قاتارلىق خوجىلار ئەجدادلىرى مەنسۇپلىشىدۇ. بۇلارنى ئاساسەن شۇ زامان تۈزۈملىرى، ھاكىمىيەت تەبىقىلىرى، ھۆكۈمران زالىملار ۋە زالىملار تۈركۈملىرى — (ئاساسەن جۇڭغار، مانجۇ ھۆكۈمرانلىرى)نىڭ يۇمشاق قولاق ياندىماچلىرى، بوغۇچۋازلىرى (ئۆز خەلقىنىڭ، دىنداشلىرىنىڭ پۇت - قوللىرىنى دۈشمەنگە بوغۇپ، باغلاپ، چۇشەپ بەرگۈچىلەر — ئا)، «دىنىي ئىتتىپاق» چىلىرى، ئەڭ سادىق تەقدىرداشلىرى دېيىشكە تامامەن بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا داۋام ئەتكۈزگەن قىلمىش - ھەرىكەت نەتىجىلىرى بىرلا. ئۇ بولسىمۇ: «دىنىي» جەھەتتە، كىشىلەر

ئېڭىغا بۇ دۇنيادىكى ھەممە تەقدىرى قىسمەتلەر («پېشانە»گە «پۈتۈلگەن»نى كۆرمەككەتا)گە، چېمىكى جاپا - جەبىرلەرگە چوقۇم بەرداشلىق بېرىپ، شۈكرى - قانائەت قىلىپ «ئاخىرەت»-لىكىنى تېپىش روھىنى سىڭدۈرۈش، ئىجتىمائىي ئىنسانچىلىق جەھەتتە: كىشىلەرنى ھۆكۈمە-ران ھاكىمىيەت تەركىبلىرى بىلەن زامان ئەزگۈچىلىرى — (خوجا - ئىشان «ئۇلۇغ»لار-نىڭمۇ ھەم)نىڭ ئىنسابىغا بېقىنىپ پاشايدىغان ئەلا ئىتائەتمەن پاۋاش- مۆمىن بەندىلەردىن بولۇشقا يېتەكلەش، قۇللۇققا كۆندۈرۈشتىن ئىبارەت بولغان.

ئۈچىنچى نۇقتا: «تەرىقەتنى رەئىيە»چىلەر نۇقتىسىدۇر. بۇ نۇقتا تارىخنى مۇقەررەر-لىك ئىزىدىن ھاسىل بولغان تارىخىمىزدىكى ھەققانىي خەلق ھەرىكەتلىرى — (خەلقنىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيەت، زالىم ھۆكۈمران كۈچلەرنىڭ زۇلۇمىغا، ئېزىش، قۇل قىلىشىغا قارشى باشلىغان ھەرخىل ۋە ھەر شەكىلدىكى ھۆرلۈك، ئازادلىق كۈرەشلىرى) تەسىرى بىلەن ئەسلى نەسەب، ماھىيەتلىرىدىن نېرى ئايرىپ، دىنىي ۋەتەنپەرۋەرلىك... يولىغا كىرىپ -(كۆڭلىگە خۇدايىم ئىنساب بېرىپ)، خەلق بىلەن بىر سەپ، بىرتەقدىر يولىنى تۇتقان، خاس مەۋقەلىك خەلق ھەمكارچىلىرى بولغان ۋەتەنپەرۋەر خوجىلار تۈركۈملىرى نۇقتىسىدۇر. بۇ نۇقتىغا مەنسۇپلاشقان بىرقىسىم خوجىلارنىڭ تارىخىمىزدا ئەجدادلىرىمىز ھەرىكەتلىرىگە سىڭدۈرگەن بەزى ئىجابىي قىلمىشلىرى — دىنىي مەۋقە جەھەتتىن ئالغاندا: «ئەل بىلەن بولماق ئاللاھ رازىلىقىدۇر»، «ۋەتەننى سۆيۈش — ئىمان جۈملىسىدىندۇر» دېگەن ھەدىستىن ئىبارەت بولغان بولسا، ئىجتىمائىي ئىنسانچىلىق جەھەتتىن: خەلققە كۆلپەت يەتكۈزىدىغان، ئۆز نەپسى ئۈچۈن باشقىلارغا زىيان - زەخمەت كەلتۈرىدىغان ھەرقانداق نائىنساب باشلامچى بەدنىيەت قاراقچىدۇر، قۇل بولۇش— ئۆلۈمدىن يامان... دېگەن ئىجتىمائىي قاراشنى ئالغا سۈرۈشتىن ئىبارەت بولغان. شۇڭا بۇ گۇرۇھ نۇقتىسىنىڭ تارىخىمىزدىكى ئىجابىي پائال-لىيەتلىرىنى، رول ۋە ئەھمىيەتلىرىنى تارىخىي رېئاللىزملىق نۇقتىسىدىن كۆزدىتىپ مۇئەييەن-لەشتۈرۈش، تەتقىق قىلىش لازىم بولىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەرلىكتىن باش كۆتۈرگەن «تەسىرى تەرىقەت» خوجا - ئىشانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلاد - نەسەب ئەجدادلىرىمۇ بىزدە ئاز بولمىغان. ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا مەقسەت ئورتاقلىقى بىرلا — ئۇ بولسىمۇ نەپسانىيەتچىلىك مەقسەت قىلىنغان شۇئارى «تەرىقەت»لەردۇر.

## 2 . نامىدىكى «تەرىقەت» چىلەر

يۇقىرىدا قىسمەن ھەم قىسقىچە تەرىپلەپ ئۆتكەن «تەرىقەت» چىلەرنىڭ ئەسلى ئاتال-مىش «دىنىي» ماھىيەتلىرى بىلەن مەقسەت، ئىستەكلىرىنى ئەتراپلىق چۈشىنىپ بىلىش ئۈچۈن، ئۇلار تارىختا ئىستېمال قىلىپ كەلگەن ئىسلام تەرىقىتى توغرىسىدا تۆۋەندىكى سوئال-لارغا توختالماي بولمايدۇ.

1. ئىسلام تەرىقىتى دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ باشقا ئىسلام مەزھەپلىرىدىن قانداق پەرقى بار؟

2. تارىختا خوجا - ئىشانلار ئەجدادلىرىمىزغا تاڭغان ئاتالمىش «دىنىي تەرىقەت» لەر ۋە ئۇلارنىڭ «تەرىقىتى ئىبادەت»،«تەرىقىتى بالاغەت»، «تەرىقىتى مادارا»، «تەرىقىتى رەئىيە» شەكىللىرى راستىنلا ئۇلۇغ تەڭرى بەندىلەرگە نازىل قىلغان— (ئەۋەتكەن) دىنىي مۆجىزىلەرمىدى؟ ياكى ئاتالمىش «ئۇلۇغلار» ئىلكىلىرىدىن توقۇپ چىقىرىلغان جاھالەت پاسقاقلىرىمىدى؟

3. تارىختىن بېرى ئىسلامنىڭ ئىمام ئەزەم مەزھىپىدە مۇسۇلمانچىلىق قىلىپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىزنى سوپى - ئىشان «تەرىقەت»چىلەر يەنە نېمە ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ «دىنىي

تەرىقەت»لەردىكى پاكى «ئەھلى تەرىقەت ئېتىقادى» دېگەن ئېتىقادقا قىستاپ كىرگۈزۈشكەن؟ ئىسلام پىرىنسىپلىرىدا ئۇلارغا مۇرىت بولمىغان، ئەگەشمىگەن، قىسقىسى «تەرىقەت» يولىغا كىرمىگەنلەر مۇسۇلمان ھېسابلانمامدۇ؟ پاكى بۇ خىل قىلمىشنى «مۇسۇلماننى مۇسۇلمان قىلىش» قىلمىشى ئىدى دەپ بىلەمدۇق؟

4. خوجا - ئىشان «داھىي»، «پىر»لىرى راستىنلا ئۇلۇغ ئاللاھ بىلەن مۇسۇلمان بەندىلەر ئارىسىدىكى «ئەلچى»لەرمىدى؟ ئۇلار «ئۇلۇغلۇق نىسبەت»لىرىنى زادى قايسى ئىلاھىي ئىلتىپاتتىن سۈمۈرۈشكەن؟ ئۇلار تەكىتلەشكەن «ساۋاب»، «گۇناھ»لارنىڭ چەك - چېگرىلىرى ئىسلامنىڭ قايسى دەستۇرلىرىدا قەيت قىلىنغان؟ دېگەندەك ساۋاتى سوئاللارغا جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئىسلامدىكى تەرىقەت ① مەزھىپى — مېنىڭچە ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئېپتىدائىي مەزھەپلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئىسلام تارىخىدا ئىلگىرى - ئاخىر پەيدا بولغان سەككىز چوڭ، 72 كىچىك —(تارماق) مەزھەپنىڭ ئەڭ كونا تۈركۈملىرىگە مەنسۇپ مەزھەپتۇر.

ئەسلىدە (تارىختا) ئىسلامنىڭ سۈننىي مەزھەپ [illegible] بولۇپ شەكىل تاپقان بۇ مەزھەپ داھىيلىرىنىڭ دەسلەپكى تۈپكى دىنىي شەكىل شوئارلىرى ئاساسەن: ئۆز ئېتىقادچىلىرىنى پانىي دۇنيا —(بۇ ئالەم)دىكى بارلىق ئىنسانىي راھەت - پاراغەتتىن ۋاز كېچىپ باقىي ئالەم —(ئۇ «ئالەم»)دىكى «راھەت - پاراغەت»كە ئۈلىشىشقا باشلاشتىن ئىبارەت بولغانىدى. ئۇلار خۇدا قاراش نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئومۇمەن «ۋەھدەت ئۇل ۋۇجۇد» — (ۋۇجۇد بىرلىكى) نەزەرىيىسى رامكىسى بىلەن شەرھىلىشەتتى. بۇ نەزەرىيە — ئەمەلىي ماھىيەتتە دۇنيا — خۇدانىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىش شەكلىدىن ئىبارەتتۇر —دېگەن تەسەۋۋۇرەت «نەزەرىيىسى» ئىدى. تەرىقەت داھىيلىرىنىڭ بۇ خىل خۇدا قاراش «نەزەرىيە»سىنى ئومۇمەن تېخىمۇ كېڭەيتىپ، مۇنداق شەرھىلەشكە مۇمكىن بولاتتى - ئۇلار مۇنداق قارىغان:

كائىناتتىكى جىمىكى نەرسە ئىلاھىيەتنىڭ جۇلالىنىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، خۇد تەبىئەتتىكى بارلىق ھادىسىلەر ۋە ماددىلارنىڭ ھەممىسىدە مەۋجۇت، بۇ نەرسىلەر بولسا ئۆز ئۆۋىتىدە ئۆز ئىپادىلىرىنى تاپىدۇ. دۇنياغا دۇنياۋى روھ سۈپىتىدە سىڭگەن خۇدا بىر بولغاندەك دۇنيامۇ بىردۇر. ئادەممۇ خۇددى تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ئوخشاش روھنىڭ بىر زەررىچىسىدۇر، ئۇ بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى شۇ دۇنياۋى روھقا پۈتۈنلەي سىڭىپ كېتىدۇ. ئەنە شۇنداق خۇداغا سىڭىپ كېتىش پەيتى بەخت - سائادەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ھېسابلىنىدۇ. ھەر بىر ئادەم ئەنە شۇنداق سىڭىپ كېتىش ئۈچۈن تىرىشىشى يەنى خۇدا بىلەن بىرلىشىپ كېتىشى لازىمدۇر.

تەرىقەت ئىدىئولوگىيىسىنىڭ مەلۇم زامانلار سىستېمىلىرىنى كۆزىتىپ ۋارىسلىق قىلىشقا تۇتۇنغان كېيىنكى ئەۋلاد (تەخمىنەن 12 - ئەسىردىن كېيىنكى بەزى تەرىقەت داھىيلىرى) تەرىقەت پىرىنسىپلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا: ھەممە دۇنياۋى ھارامنى پۈتۈنلەي

---

① «تەرىقەت» سۆزى ئەسلىدە ئەرەبلەرنىڭ بۇرۇنقى زامانلاردىكى «تەلقە» سۆزىدىن كېلىپ چىققان دىنىي ئاتالغۇ بولۇپ، لۇغەت مەنىسى: يول — قەلبىنى پاكلاپ ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش يولى، زاھىدلىق يولى دېمەكتۇر. ئىسلامدىكى تەرىقەت روھانىلىرىنىڭ ئەڭ ئېپتىدائىي داھىي ۋەكىللىرى (تەخمىنەن 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا) بۇ ئاتالغۇنى ئۆز ئېتىقادلىرىنىڭ شەرتلىك ئېقىم (يول) نامى قىلىپ بېكىتىشكەن ھەم پايدىلىنىشقا باشلىغان. «تەرىقەت»، «ئەھلى تەرىقەت»، «جەھرى تەرىقەت» ... دېگەندەك سانسىزلىغان «تەرىقەت»لەرنىڭ ھەممىسى تارىختا ئەنە شۇ خىل سوپىلىق تەرىقەتتىن تۈرلەنگەن مەۋھۇم «تەرىقەت»لەردۇر.

ئۇنتۇپ، خۇدا بىلەن مۇتلەق بىرلىشىپ كەتكەن كىشى- پىردۇر. پىر تۇتۇش، ئىبادەتنى پەقەت پىر ئارقىلىقلا ئادا قىلىش، پىر ئۈچۈن ھاياتلىرىنى ئاتاش — شەكسىز شەرتتۇر، ئەڭ ئالىي تەرىقەت قەرزىدۇر دەپ شەرھىلەشكەن. ھۆرمەتلىك مۇئەللىپ ئا. سايىت بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ: «تەرىقەت يولىغا ماڭغۇچىلار تەرىقەت ئەقىدىلىرىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئەمەل قىلىشى، قەلب، روھىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جەزمەن ئاقىلانە ئۇستاز - ئىشان، خەلىپىلەرنىڭ يېتەكچىلىكىگە ئېرىشىشى كېرەك. ئۇستاز (پىر) بولغۇچى كىشى ئاللاھقا يېقىنلىشالايدىغان زات، شۇڭا تەرىقەت ئىزدىگۈچىلەر ئۇستاز بولغۇچىغا مۇتلەق بويسۇنۇشى، ھەرقانداق ئىشتا ئۇستازنى ئۈلگە تۇتۇشى شەرت. ئۇ يەنە تەركىي دۇنياچىلىقنى يەنى بايلىقتىن ئۆزىنى چەتلىتىش، ھوقۇق - مەرتىۋىدىن ئۆزىنى چەتلىتىش، بارلىق ئارزۇ - ھەۋەسلەردىن ئۆزىنى چەكلەش، رىيازەت چېكىپ، پانىي دۇنيادىكى روھىي ئەلەمگە ئۆزىنى بەخشەندە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. تەرىقەت- سوپىزىم ئەقىدىسى بويىچە، بۇ دىنىي گۇرۇھنىڭ باشچىسى بولغان ھەر بىر كىشى ئۆمۈربويى نامراتلىقتا رىيازەت چېكىش بىلەن بىللە خەلىپە تەربىيىلەپ، مۇرىت كۆپەيتىپ ئۆزىنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك ...»

ئوتتۇرا ئەسىرلەر تەرىقەتچىلىرىنىڭ ئېتىقاد شوئارلىرى يەكۈنلەنگەن «ھېكمەتنامە» دېگەن ئەسەردىمۇ تەرىقەت سوپىلىرىنىڭ ئومۇمىي دىنىي مىزانى: «دۇنيانىڭ نازۇ - نېمەتلىرىنى ئىزدىگەن سوپى ئەمەس، ئۆز ھاياتىنى بەختسىزلىك ۋە غۇربەتتە، تائەت - ئىبادەت ھەمدە يىغا - زارى بىلەن ئۆتكۈزگەن كىشى ھەقىقىي سوپى ... دۇر» دەپ تەكىتلەنگەن.

خوش، بۇ خىل ئۇقۇمدىكى دىنىي تەرىقەتنىڭ تارىختا بىزنىڭ مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىز تۇرمۇشلىرىدا- بولۇپمۇ دىنىي تۇرمۇشلىرىدا ئىپادىلىنىش شەكىللىرى قانداق بولغان؟ بۇ سوئالنى ئەجدادلىرىمىز تارىختا باشلىرىدىن كەچۈرگەن «ئىشقىيە تەرىقىتى»نىڭ «ئېتىقاد شەكلى» بىلەن يېشىش مۇمكىن. ئۇ شەكىل مۇنداق: «ئىشقىيە»چىلەر جاھاندىن قول ئۈزۈپ، ئۆي - جاي تۇتماي، خوتۇن ئالماي، بالا - چاقىلىق بولماي، بىر جايدا ماكانلاشماي، جايدىن جايغا يۆتكىلىپ يۈرۈپ جاھاننى كېزىپ، بۈگۈن تاپقاننى ئەتىگە قالدۇرماي قولدىن چىقىرىۋېتىش، يەپ تۈگىتىش بىلەن ھايات كەچۈرۈشنى تەرغىب قىلىشىدۇ. ئۇلار توپلانغان جايلاردا ياكى يەككە - يېگانە ھاللاردا قانغۇدەك چىلىم تارتىپ نەشە چېكىشنى «ئىبادەت» ھېسابلايدۇ. بۇ ئارقىلىق «خۇدا»غا ئاشىقلىقنى ئىپادىلىمەكچى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى چاچلىرىنى ئۇزۇن ئۆستۈرۈپ، ساراڭلارچە ھاياتتا قەدەم قويغانلىقىنى «خۇدانىڭ ئىشقىغا ئۆزىنى پىدا قىلغانلىق ...»دەپ قارايدۇ ..

تەرىقەت روھانىلىرىنىڭ يۇقىرىقىدەك دىنىي قىلىق، مەۋقە، شوئارلىرى تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «قۇرئان كەرىم» مەنبە قىلىنغان بارلىق ھەدىس، تەلىم، ئەمىرلىرىگە تۈپتىن، قەبىھ زىت ۋە بارلىق مۇسۇلمان قەۋملىرىنىڭ دىنىي ئېتىقاد چۈشەنچىلىرىگە جىددىي مۇخالىپتۇر. مېنىڭچە، ئۇ خىل «تەرىقەت»لەر مۇسۇلمانچىلىق ئەھكاملىرى يەنى ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، پەيغەمبەرلەرگە، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى- بەرھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە، قىيامەت كۈنىگە، تەقدىرگە شەك - شۈبھىسىز تەن بېرىش، ئىشىنىش، ئىمان، ناماز، روزا، ھەج، ئۆشرە - زاكات شەرت قىلىنغان «بەش پەرز»نى تەركسىز ئادا قىلىش، ئاللاھقا چەكسىز قۇلچىلىق قىلىش -(تونۇش، تايىنىش، قورقۇش، يېقىنلىشىش) ...

دېگەندەك تۈپ ئەقىدە - ئۇقۇملىرى بىلەن زادىلا چىقىشالمايدۇ. ئۇلار ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ: «...كىشىنىڭ بارلىق ھەرىكىتى خالىس خۇدالىق ئۈچۈن بولۇشى، چوڭ مۇسىبەتلەرگە سەۋەب بولىدىغان دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتماسلىقى كېرەك ...»، «توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە سالام ... ئەي ئەھلى كىتاب پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ئۇنىڭغا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللاھنى قويۇپ بىر - بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپكە ئورتاق بولغان ئەقىدىگە ھۆرمەت قىلايلى .... توغرا يولغا ئەگەشكەن، ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان ۋە ئاللاھنى ئېتىراپ قىلغانلارغا سالام. مەن سېنى ھېچ شېرىكى يوق بىر ئاللاھقا ئىشىنىشكە دەۋەت قىلىمەن ...» («سۈرە ئال ئىمران، 64-ئايەت» تىن) دېگەندەك بۈيۈك تەلىملىرىگە، لەۋزى مۇبارەكلىرىگە زىت يول تۇتقان كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ بۇ خىل زىت يوللىرى يالغۇز مەنىۋى تەسەۋۋۇردىكى «ئىسلام نەزەرىيىلىرى» جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى (ئىسلامدىكى) دىنىي مۇراسىملار، دىنىي ئىبادەت، دىنىي تۇرمۇش ۋە دىنىي رەسمىيەتلەرنىڭ ھەممىسىدىمۇ ئۆزگىچە ئىزىم، شەكىللەر بويىچە ئوچۇق ئىپادىلىنىپ بارىدۇ، ئەلۋەتتە.

## 3. قىياس ۋارىسلىرى

يولۋاس ئادەمگە ئېتىلىش ۋاقتىدا، خۇددى ئىتقا ئوخشاش ئەركىلەيدۇ.

— ئاباي

يۇقىرىدا نام - نەسەب، ئىسىم - سۈپەت، لەۋزى، «تەرىقەت»لىرى قىسمەن شەرھىلەپ ئۆتۈلگەن ئاتالمىش «ئۇلۇغ تەرىقەت» روھانىيلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى بىز تارىخىمىزدا (ئىجتىمائىي، سىياسىي، دىنىي ۋە ئومۇمىي تارىخ سىستېمىلىرىدا بولمىسۇن) بەزىبىر تەرەپپاتچىلار تەرىپلەشكەندەك پەقەت «خۇدا - رەسۇل يولىدىكى» نوقۇل «دىنىي ئۇلۇغ»لار، «ئەھلى تەرىقەت پېشىۋاھ»لىرى ياكى «ئىسلام مۇتەپەككۇر»لىرى تۈركۈملىرىدە ئەمەس، بەلكى قەبىھ سىياسىي قارا نىيەتلەر (قانخور، خىيانەتكار چوڭ «زات»لار) تۈركۈملىرىدىن ئۇچرىتىمىز. دەرۋەقە ئۇلار ئۆز پەيتلىرىدە ئۆز ئىشلىرىنى «خۇدايى تەرىقەت»، «تەرىقەت داھىي»لىقى، «خوجا»، «پىر»، «ئۇلۇغ زات»لىق لەۋزى تەرغىباتلىرى بىلەن باشلاپ، ئاقىۋەت - نەتىجىلىرىنى قان تۆكۈش. خەلق ئۈستىدە «خان»لىق، «پادىشاھ»لىق، «داھىي» لىق، «پىر»لىق ھۆكۈمرانلىقلىرىنى تىكلەش بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشقان ھايات رەقىبلىرى- ئىستىبدات جاھالەتچىلەرنىڭ سېپى ئۆزىدىن بولغان تېبىئىي «داھىي» لىرىدىن بولۇپ كېتىشكەن مەلئۇن كىشىلەردۇر.

بۇ قارىشىمىزنى مۇنۇ قىستۇرما ئەسكەرتىشلىرىمىز بىلەن تۆۋەندىكىچە ئاساسلايمىز:

1. ئۇلار تارىخىمىزدىكى ئىدىئولوگىيە جىنايەتچىلىرىدۇر. «... مۇسۇلمان ئۈممىتىلەرنىڭ نىيەت، ئەمەللىرىنى ئۇلۇغ پىرلەر نىيەت، ئەمەللىرى بىلەن بىر قىلماق، ھەر تىنىق، ھەر قەدەمدىكى خۇدالىق قەرزدۇر ... ئىككىلا ئالەملىك ۋەزىپە، شەرت ھېسابلانغاي... قەۋم - رەئىيەلىرىنىڭ نىيەتلىرى بۇزۇلغان، ئەزىز پىرلەرگە بويسۇن تاۋلىق كۆرۈلگەن يەر، ئەل - يۇرتلاردىن خوجام رازى بولمايدۇ، ئاللاھ رازى بولمايدۇ ... توغرا نىيەت- پىر بىلەن بىر نىيەت دېمەكتۇر ...» («تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت» تىن).

دېمەك، ئۇ «زات»لار يۇقىرىقىدەك نەزەر - ئېتىبارلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئۆمۈر مەشغۇلاتلىرىنى، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزنى مىللىي روھ جەھەتتىن ئەنئەنىۋى خىسلەت، پەزىلەت، خۇسۇسىيەتلىرىنى تاشلاپ، سوپى - ئىشانلارنى ئەگىشىپ ھەم شۇلارنىڭ رايى - قىلىقلىرىنى ئۈرنەك - ئۈلگە قىلىشىپ ياشاپ، ھەر بىر يۇرت، ھەر بىر مەھەللە، ھەر بىر ئائىلە بىردىن «پىر»نىڭ ئارقىسىغا چەملىشىپ پارچىلىنىپ، خوجام چىنىگىدىن چىقماسلىققا ئادەتلەندۈرۈشكە قاراتقان. ھەرىكەت جەھەتتىن بولسا، ئەجدادلىرىمىزنى جاھالەت تەپرىقىچىلىككە، جاھالەت بۆلگۈنچىلىكىگە، ئۆزئارا قوۋۇلاشماي، تۈرلۈك جامائەت تۈركۈملىرىگە پارچىلىنىپ، «بۆلۈنگەننى بۆرىگە يېرىپ» تۇرىدىغان بەۋتۇلئاددە قارام نادانلىق ئىسكەنجىلىرىگە دالالەت قىلىشىپ، يېتەكلىشىپ تۇرغان. تارىختا ئۇيۇشقاقلىقتا، غورۇرپەرەسلىكتە، قەيسەرلىكتە، ئادالەت، دىيانەت، مەرىپەت ۋە مادار - غەيرەتتە شۆھرەتلىنىپ كەلگەن ئۇيغۇر روھى نابۇت قىلىۋېتىلگەن ياكى قەبىھ تەسىراتلارغا يەم قىلىپ بېرىلگەن. دېمەك، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئۇ «زات»لاردىن شەك - شۈبھىسىزكى: تارىختا زىتلىشىشتا بىر - بىرىدىن ئاشمايدىغان، ئۆزئارا زىيانكەشلىكتە بىر - بىرىنى بېسىپ چۈشىدىغان، سۇخەنچىلىك پېئىل - ئېتىبارلىرىنى ئەنە شۇلاردىن مىراس، تەلىم ئالغان، ئۆزلەشتۈرۈشكەن.

2. يۇقىرىقى «ئۇلۇغ پىر»لارنىڭ تارىخىمىزدىكى ئەڭ قاباھەتلىك تەقدىرى پائالىيەتلىرىدىن يەنە بىرى- ئۆزئارا نىزاھ- تەپرىقىچىلىك، سۇيىقەست، ھىيلە - مىكىر ئىستىبداتلىقىنى چىقىش قىلغان قىساسۋازلىق ۋە خۇنپەرەسلىكتۇر. مەسىلەن: 16- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئوتتۇرىلىرىغىچە بىزنىڭ يۇرتىمىزغا پەيدا بولۇپ، ھەر بىرى بىردىن «تەرىقەت»نى بازارغا سالغان چوڭ سەككىز ئەۋلىيادىن بۇخارالىق ئەبۇ ھەبىبى كىبىرنىڭ نەۋرىسى خوجا ئەرشىددىن ئاقسۇ - كۇچا تەرەپلەردە، بەلخلىق شەيخ شاھابىددىن كورلا - بۈگۈر تەرەپلەردە، پەرغانىلىق خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ بىلەن ئاكىسى خوجا خاۋەندە مەھمۇدلار خوتەن، قاراشەھەر تەرەپلەردە، مەخدۇم ئەزەم قەشقەر، ئاتۇش تەرەپلەردە، ئەھرارلىق خوجا مۇھەممەد ئىمىن بىلەن مۇھەممەد شېرىپلار يەكەن، ناغىلىق تەرەپلەردە «تەرىقەت» تارقىتىپ، مۇرىت توپلاپ، سەپ تارتىپ تۈنجى قېتىم دىنىي مەزھەپ ۋە ئىچكى نىزاھ (بىر - بىرلىرىگە قارشى) كۈرەش شەكىللىرىنى ھاسىل قىلىشقان. نەتىجىدە، بۇلاردىن خوجا مۇھەممەد شېرىپ كۈچلىرى مەخدۇم ئەزەم «تەرىقەت»چىلىرىگە قارشى قوزغىلىپ، مىلادى 1532–1533- يىللاردا ھازىرقى پەيزىۋاتنىڭ ئاخۇنلۇقۇم، يەكەننىڭ تىبرەكلەنگەر -(خاڭدى)، مەكىتىنىڭ شوردۆڭ (ھازىرقى شەھىددۆڭ) قاتارلىق جايلىرىدا قاتتىق مەزھەپ ئۇرۇشلىرى ئېلىپ بارغان ھەم مەخدۇم ئەزەمنى كەلگەن يېرىگە كېتىشكە مەجبۇر قىلغان. خوجا ئەرشىددىن كۈچلىرى شەيخ شاھابىددىن سوپىلار گۇرۇھىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى كورلا - بۈگۈر تەرەپلەردىن ھەيدەپ چىقارغان. ئۆزىمۇ شاھابىددىنچىلارنىڭ يوشۇرۇن قەستلىرى بىلەن كۇچادا تۈگىشىپ كەتكەن.

مىلادى 1678- يىلىدىن مىلادى 1761- يىللىرى ئارىلىرىدا قەشقەرىيىدە جۈملىدىن ئۆز ۋاقتىدىكى شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي دائىرىسىدە «خان»لىق، «پادىشاھ»لىق سەلتەنەتلىرىدە بولغان ئەڭ يوغان 48 «ئۇلۇغ»، «داھىي زات»نىڭ 29ى ئۆزئارا ھوقۇق - مەنپەئەت تالىشىش ئاداۋەتلىرى بىلەن بىر - بىرىنى ھەر خىل يول، شەكىللەر بىلەن قەستلەپ قەتلە قىلىشقان.

مەسىلەن، 1644- يىللىرى ئەتراپىدا ئىسھاقى ۋەلىنىڭ نەۋرىسى ئابدۇللا ئىشان قەشقەرنىڭ باش ئىشانلىقىنى قىزغىنىپ ئۆز تاغىسى مۇھەممەد يۈسۈپ خوجا (ئاپپاق خوجىنىڭ دادىسى)-نى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئاپپاق خوجىمۇ بۇنىڭغا جاۋابەن چەۋرە ئىنىسى شۇئەيىپ خوجىنى چەت ئەلدىن ئالداپ ئەكەلدۈرۈپ تىزناپ بويىدا سوپىلىرىغا چوماقلىتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئاپپاق خوجىنىڭ ئۆزىمۇ 1694 - يىل 2- ئاينىڭ 10- كۈنى يەكەندە ئابدۇللاخوجا جەمەتلىرى تەرىپىدىن مەخپىي زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئىككى بالىسى بىلەن ئاپپاق خوجىنىڭ خوتۇنى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. ئۇ خوتۇنمۇ قىساسى ئۈچۈن ئۆز رەقىبلىرى تەرىپىدىن پىچاقلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن ...

3. مىلادى 1678- يىلىدىن 1761- يىلىغىچە داۋام قىلغان 83 يىللىق خوجا - ئىشانلار «خان»، «پادىشاھ»لىقلىرى زامانلىرىدا بۇ «ئۇلۇغ»لارنىڭ سىياسىي ۋەكىللىرى «شاھ»لىق، خۇنخورلۇق، ھەشەمەتچىلىك، ھەدەپ كەيپى - ساپا، دۇنيا پاراغىتى بىلەنلا بولۇپ كېتىش، دىنىي ئەقىدىلەرنى ئۆز نەپسىلىرى ئۈچۈن ئاياغ - ئاستى قىلىش، ئەھمىيەتسىز قالدۇرۇش، دىنىي ئەھكاملارغا ئۆزلىرى ئەمەل قىلماسلىقتەك قەبىھ سىياسىي ئىستىبداتلارغا ئايلىنىپ كېتىشكەن. «دىنىي» ۋەكىللىرى بولسا، بىزنىڭ جاي - ماكانلىرىمىزدا مەلۇم ئىجتىمائىي ئاساسقا (ئاساسەن ئەگەشمىدىغان سوپىزم جامائىتىگە) ئىگە بولۇشقاندىن كېيىن، ئەمەلىيەتتە تەرىقەت ئەقىدىلىرىگە خىلاپ ھالدا تەركىيدۇنياچىلىقنى يەنى ھوقۇق، مەرتىۋە، بايلىقنى ئۆزىنى چەتلىتىشتىن ئۆزگىرىپ، دۇنيا تۇتۇشقا قاراپ مېڭىشقان. بەزى خوجا-ئىشان «ئۇلۇغ»لار فېئودال - پومېشچىكلارغا ئايلىنىپ كەتكەن. بەزىلىرى ھاكىمىيەت سېستىمىلىرىغا كىرىپ ئەمەلدار بولغان. تاجاۋۇزچىلارنىڭ غالچىلىرىغا، يۇرتىمىز ۋە مىللىتىمىزنىڭ مەڭگۈلۈك خائىنلىرىغا، ئىسلام دىن ئاسىيلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن. مۇتلەق كۆپ خوجا - ئىشان «پىر»لار خەلققە دۈشمەن — ئەزگۈچى تەبىقە، گۇرۇھلارنىڭ يېتەكچىلىرىگە، دىنىي خوجىدارلىق ئىگىلىكىنىڭ تايانچ تۈۋرۈكلىرىگە ئايلىنىپ خەلق بىلەن، مۇسۇلمانلار بىلەن تۈپتىن قارىمۇ قارشى مەۋقەلىك قارابىس ئەزگۈچى دىنىي فېئودال گۇرۇھلارغا مەنسۇپلىشىپ قالغان. شۇنىمۇ تەكىتلەش لازىمكى، ئۇ «ئۇلۇغ»لار جارى قىلدۇرۇشقان «دىنىي تەرىقەت»، «ساۋابى چوڭ ئۇلۇغ ئىش»، «خاسىيەتلىك دۇنيا»نىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك «مۇرادى ھاسىل» جامائىتى مۇنداق ئادەملەردىن يەنى ئىچىدە ۋەتەن، مىللەت، دۆلەت، دىن، نەسلى - نەسەب، چېگرا، ئەدەب، ئىلمىي ئەخلاق، مۇئامىلەت كەسپى، ھالال - ھارام، ھەق - ناھەق ئۇقۇملىرى يوق «خۇدايى پىدائىي»لار دىن، تەركىيدۇنيا «ئاشىق»، تەلۋە، «دىنىي» زوراۋان قاراملاردىن، ئاڭسىز قول - چەرەندىلەردىن ئىبارەت بولغاندۇر. ھەق - ئادالەت يولىدا يۈرگەن ھەقىقىي مۇسۇلمانلارنى، مەرىپەت مۆتىۋەرلىرىنى، ئەدلى - ئادالەت ئورۇنلىرى بىلەن بارلىق ئىجتىمائىي ئىلغار كۈچلەرنى يوقىتىش، كاردىن چىقىرىش ئۇرۇنۇشلىرى يەنىلا ئۇلار يۈرگۈزگەن ئاساسىي «ئۇتۇق»لاردۇر.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)





# پاكلىنىش

(ھېكايە)

قاھار جېلىل

1

شەھەرلەردە ياش يوشۇرۇش بىر خىل مودىغا ئايلاندى. ئەمما يېزىلاردا دېھقانلار 50 — 55 ياشلاردىن ئۆتكەندىن كېيىن بىر نەچچە، ھەتتا ئون نەچچە ياش قوشۇۋېلىشقا ئامراق. چۈنكى ئۇ قانچە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن بولسا، شۇنچە پېشقەدەم ھېسابلىنىدۇ، ئىززەت ھۆرمىتى ئېشىپ، تۆرنىڭ يۇقىرىسىدىن ئورۇن تېگىدۇ.

سادىق ئاخۇن ئۆزىنى 80 ياشتىن ھالقىدىم، دەپ تونۇشتۇرىدۇ.

— «تۇڭگان يېغىلىقى»①دا خەتنە تويۇم بولغانىكەن، — دەپ دەلىل كەلتۈرىدۇ ئۇ، — دەل شۇ كۈنى دادام رەھمەتلىكنى ماخۇسەننىڭ جاللاتلىرى ئېتىۋېتىپتۇ.

بۇ ئادەم چاچ - ساقاللىرىغا ئەندىلا ئاق ئارىلىغان بۇغداي ئۆڭلۈك، گەۋدىلىك كىشى. كۆزلىرىدىن ساغلاملىق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرىدۇ، مۈرىسى سەل ئېگىلگەندەك كۆرۈنسىمۇ، قەددىنى تىك تۇتۇشقا تىرىشىدۇ. بېشىغا موينا تەلپەك، ئۈستىگە مەللەرەڭ تون كىيىپ، بېلىنى باغلاپ يۈرۈشكە

---

① «تۇڭگان يېغىلىقى» — 1934-يىلى 5-ئايدا ماخۇسەن قوشۇنلىرىنىڭ خوتەننى ئىشغال قىلغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئامراق، ئېقىنقى بەش - ئالتە يىلدىن بۇيان ئۇ يەنە مەسچىتكە، توي، نەزىرلەرگە بارغاندا سەللە ئوراشنى، يېنىغا ھەمىشە بىر تەسۋىنى ھەمراھ قىلىشنى ئادەت قىلىۋالدى.

ئۇ مەڭگىلىك دېھقانلارغا ئوخشاش 20 نەچچە يىلنى بەكمۇ غۇربەتچىلىك ئىچىدە ئۆتكۈزگەن. يېزىلاردا يەرلەرنى ئائىلىلەرگىچە بۆلۈپ بەرگەن يىلى ئوغلى ئوسمان ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئائىلىسىگە قايتتى. شۇندىن كېيىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئاستا - ئاستا روناق تېپىشقا يۈزلەندى. ئوسمان بىر تەرەپتىن دېھقانچىلىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن چوڭچوك بويا يىلتىزى كولاپ سېتىشتەك قوشۇمچە تاپاۋەت بىلەنمۇ شۇغۇللىناتتى. ئۇلارنىڭ يېزىسى تەكلىماكانغا تۇتاش بولۇپ، يېرىم سائەت يول يۈرسىلا چوڭچوك بويىلىقا يېتىپ بارغىلى بولاتتى. بۇ ناھايىتى كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئەمگەك ئىدى، ئەمما بازىرى ئىتتىك، دارامىتى مول ئوقەت ئىدى. بۇرۇنقى يىللاردا ئۇنى ناھىيىدىكى دورا شىركىتى سېتىۋالىدىغان، ھازىر ئۈرۈمچىدىن، ھەتتا ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن ئېلىپ - ساتارلارمۇ ئىزدەپ يۈرۈپ سېتىۋالىدىغان بولدى. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە ئۇلارنىڭ ئائىلىسى خېلى پۇللۇق بولۇپ قالغانىدى. ئوسمان ئەمدى دادىسىنىڭ ئىككىلىنىشلىرىنى يېڭىپ توك تۈگمىنى سېتىۋالدى. شۇندىن كېيىن پۇل دېگەن ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە سۇدەك ئېقىپ كىرىشكە باشلىدى. ياندۇرقى يىلى ئوسمان خېلى ھەشەمەتلىك توي قىلىپ ئۆيلىنىۋالدى. لېكىن سادىق ئاخۇن ئائىلە ئىگىلىكىنى ئىككىگە بۆلۈشنى خالىماي، كىرىمنى بۇرۇنقىدەكلا ئۆزى باشقۇرۇشنى داۋام قىلىۋەردى.

شۇ كەملەردە يۇرتتا مەككىگە بېرىپ ھەج - تاۋاپ قىلىش قىزغىنلىقى قوزغالغانىدى. سادىق ئاخۇننىڭ كۆڭلىگىمۇ بۇ ئىستەك ئورنىدى ۋە شۇندىن كېيىن ئۇ ھەر بىر تىيىننىمۇ چىشىنىڭ كاۋىكىدا ساقلايدىغان تازا خەسىس ئادەمگە ئايلاندى. ئاخىر، مەككە، مەدىنە يېقىنچايلار ئەمەستە. ئۇ يەرگە بېرىپ - كېلىش ئۈچۈن نەچچە توقماق پۇل تەييارلىمىسا بولامدۇ؟ دەسلەپكى ئىككى - ئۈچ يىل تەكلىپنامە تاپالماسلىق بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. بۇ يىل قىشتا مەككىگە بېرىپ كەلگەن بىر ھاجىمغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ، 800 كوي پۇل تۆلەپ بىر تەكلىپنامە ئەكەلدۈرگەنىدى، بىراق سەپەر ۋاقتىغىچە پاسپورت ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى.

بۇ يىل ئوسماننىڭ كۆڭلىدىمۇ بىر ھەۋەس بار ئىدى — ئۇ 12 ئات كۈچىگە ئىگە تىراكتوردىن بىرنى سېتىۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. بىراق سادىق ئاخۇن قۇتلۇق سەپەرگە يىغقان پۇلۇمدىن ئايرىلىپ قالىمەن دەپ، ئوغلىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇزۇل - كېسىل قارشى تۇردى. ئوسمانمۇ، سادىق ئاخۇننىڭ خوتۇنىمۇ، ھەتتا كېلىنىمۇ بۇ ئىشنىڭ پايدىسى توغرىسىدا تەكرار چۈشەندۈرۈشتى، تالاي قېتىم يالۋۇرۇشتى. بىراق، قېرىغانسېرى ئادەمنىڭ خۇلقى - مىجەزىدىكى نادانلىق ۋە جاھىللىق تۇيغۇلىرى بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتەمدۇ، نېمە، ئائىلىدىكىلەرنىڭ بارچە ئۇرۇنۇشلىرى نەتىجىسىز قېلىۋەردى. ھەتتا سادىق ئاخۇن ئاچچىقلىنىپ، تەھدىت سالدى:

—ئەگەر ئۆز كېپىڭدە چىڭ تۇرۇپ، ئاشۇ «شەيتان ھارۋىسى»نى ئالىمەن دەپ ئۇلۇغ ئىشقا راسلىغان پۇللارنى ئېلىۋالساڭ، ئېسىلىپ ئۆلۈپ بېرىمەن!

ئوسمان ئامالسىز ئارزۇسىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدى. لېكىن سادىق ئاخۇن يەنىلا خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. شۇندىن

كېيىن ئۇ، پۇللارنى ھەتتا خوتۇنىدىنمۇ يوشۇرۇپ تۇتىدىغان بولۇۋالدى.

سادىق ئاخۇن بۇنىڭدىن تۆت يىل بۇرۇن مۇشۇ يۇرتتىكى كاتتا ئىشان ئىنايەتۇللا خوجىغا قول بېرىپ مۇرت بولغانىدى. ئايدا ئىككى - ئۈچ قېتىم دېگۈدەك شۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، بىر - ئىككى كۈن ئىستىقامەتتە بولاتتى. بۇغدايلار تاختا بولغان مەزگىلدە يەنە بىر قېتىم بېرىپ كەلدى-دە، يېڭى قارارىنى ئېلان قىلدى:

—پىرىمنىڭ ئېيتىشىچە، كىمىكى «پاشىشىم»① مازارىغا يەتتە قېتىم بېرىپ تاۋاپ قىلسا، بىر قېتىملىق ھەج قىلغان بىلەن باراۋەر ساۋاپقا ئېرىشىدىكەن. ئىنشائاللاھ، ئەسلەپ باقسام، ھازىرغىچە ئۇ يەرگە ئالتە قېتىم بېرىپتىمەن. بۇ قېتىم مەككە مۇكەررەمىگە بارالمىغان بولسامۇ، پاشىشىمغا يەنە بىر رەت بېرىپ، بىر ھەجلىك ساۋابقا ئېرىشىشنى نىيەت قىلدىم. تەييارلىق قىلىڭلار، ئۆگۈنلۈككە يولغا چىقىمەن!

بۇرۇنقى ئۈچ قېتىملىق سەپىرىنى قاچان قىلغانلىقىنى ئائىلىدىكىلەردىن ھېچكىم بىلمەيدۇ، بەلكىم ئۆيلەنمىگەن، يىگىتلىك چاغلىرىدا بارغان بولغىيدى، بىراق كېيىنكى ئۈچ قېتىملىقىنى مۇشۇ يېقىنقى يەتتە - سەككىز يىل ئىچىدە قىلغانىدى. شۇڭا، ئائىلىدىكىلەر ئۇنىڭ بۇ قارارىدىن ھېچبىر ھەيران بولماي جىمجىت تەييارلىق قىلىشتى. ئايالى بىلەن كېلىنى نان - توقاچ ياقتى، گۆش قورۇپ، تۇخۇم پىشۇردى. سادىق ئاخۇن ئاخشىمى ئايالى بىلەنلا قالغاندا بىر پارچە ماتادىن ئۇزۇن خالتا تىكتۈردى-دە، پۇللارنى قاچىلاپ بېلىگە چېگىۋالدى.

—پاشىشىمغا بىللە ئېلىپ كېتىمەن،—دېدى ئۇ خوتۇنىنىڭ سوئالىغا قىسقىلا قىلىپ.

ئەتىسى بۇ ئىش ئوسمانغا مەلۇم قىلىندى.

—دادا، يىراق سەپەرگە كېتىۋاتىسىز،—دېدى ئوسمان يالۋۇرۇپ،—پۇل دېگەن بەزىدە ئىگىسىگە دۈشمەن نەرسە. بولىدى، مەن تراكتور ئالماي دېدىمۇ، سۆزۈمگە تۇرىمەن. پۇلنى ئۆيدە قويۇپ كېتىڭ، ئۆزىڭىزلا بىلىدىغان بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويۇڭ، ئەڭ ياخشىسى، بانكىغا ئامانەت قويايلى، چەكنى ئۆزىڭىز تۇتۇڭ.

ئادەملەرنىڭ دىلىنى گۇمانخورلۇق تۇيغۇسى چىرمىۋالغان چېغىدا ھەتتا ئۆز سايىسىدىنمۇ ئۈركىگەك بولۇپ قالىدىكەن. سادىق ئاخۇن ئوغلى كۆرسەتكەن ھەممە ۋەجىلەرنى ئۆزى ئۈچۈن قۇرۇلغان قىلتاق دەپ چۈشىنىپ، قەتئىي رەت قىلىۋەتتى.

—مەن دېگەن ساۋابلىق ئىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمەن،—دېدى ئۇ تەقۋادار مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مۇنازىرىلىشىش قىيىن بولغان سەۋەبنى كۆتۈرۈپ چىقىپ،—ئىمامى جەئفىرى سادىق پادىشاھىمنىڭ روھانىيەتلىرى ماڭا مەدەت بولىدۇ، ياراتقان ئىگەم ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ.

ئوسمان بۇ گەپكە توغرىدىن - توغرا قارشى چىقمىغان بولسىمۇ، لېكىن دادىسى تاكى ئاپتوبۇسقا چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا مۇشۇ ھەقتە يالۋۇرۇشنى توختاتمىدى...

2

سادىق ئاخۇن قاپىقى يامان بىلەت تەكشۈرگۈچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، ئاپتوبۇسقا چىققاندا، بىر پەس نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. ئورۇن ئىزدەۋاتقان كىشىلەر بىر - بىرىنى ئىتتىرىشەتتى، دۈشكەلىشەتتى، بىرسى ئۇ ياققا ماڭسا، بىرسى بۇ ياققا كېلەتتى. قۇچاقتىكى باللار قىرقىراپ يىغلىشاتتى. ئارقىدىن چىققانلار سادىق ئاخۇننى ئىتتىرىپ، بىر ئورۇندۇققا قىستاپ قويدى.

① «پاشىشىم» — «پادىشاھىم» دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى.

ئۇ يەردە ئولتۇرغان چېچىسى ئۆسۈك ياش يىگىت ئۇنى قاتتىق ئىتتىرىۋەتكەندە، زەردە بىلەن:

— ھوي، ئۆلەرمەن قېرى، مېنىڭ قۇچۇقۇمدا ئولتۇرامسەن؟! — دەپ تىللىدى.

سادىق ئاخۇن ئەپۇ سوراشنىمۇ، جاۋاب ياندۇرۇشنىمۇ خالىماي، قىستاڭچىلىق ئارىسىدىن كۆچىنىپ چىقتى-يۇ، ئۆز ئورنىنىڭ نەدىلىكىنى بىلەلمەي، قولىدا بېلەتنى سىقىمدىغىنىچە ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قاردى.

— ھوي تاغا، بېلەتلىرى 28-ئورۇننىڭمىدى؟ مانا، مايەرگە كېلىسىلە، — ئوتتۇرا قاتارنىڭ دېرىزە تەرىپىدە ئولتۇرغان چىرايى ئىللىق بىر يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى چاقىردى.

سادىق ئاخۇننىڭ ئورنى ئاردىلىق يولنىڭ يېنىدا ئىكەن.

— سىلى ياشىنىپ قالغان ئادەم ئىكەنلا، — دېدى ھېلىقى يىگىت ئۆزىنى چەتكە تارتىپ، — بۇ يەردە ئولتۇرسىلا ئۆتكەن-كەچكەنلەر ئۇرۇلۇپ-سوقۇلۇپ بىئارام قىلىدۇ. شۇڭا دېرىزە تەرەپتە — مېنىڭ ئورنۇمدا ئولتۇرسىلا.

سادىق ئاخۇن تەكەللۇپ قىلالماقچى بولۇۋېدى، ئاغىچە ھېلىقى يىگىت ئۇنى ئاۋايلاپ ئىتتىرىپ، دېرىزە تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ قويدى.

— رەھمەت بالام، — دېدى سادىق ئاخۇن ئۇنىڭ مەردلىكىدىن تەسىرلىنىپ.

ئۇزاتقۇچىلار ئېچىۋېتىلگەن دېرىزە ئالدىغا توپلىنىپ، يولۇچىلار بىلەن ئاخىرقى قېتىم خوشلىشىشقا باشلىدى. ئۇلار يا ئەندىلا ئېسىگە كەلتۈرۈشكەن «جىددىي تاپشۇرۇقلىرى»نى تاپىلىشاتتى، يا بۇرۇن نەچچە قېتىم تەكرارلانغان سۆزلىرىنى يەنە بىر قېتىم بىر-بىرىنىڭ سەمىگە سېلىشقا ئالدىرىشاتتى.

ئوسمان دېرىزىدىن ئىككى پېيى توشۇپ تۇرغان ئالا خۇرجۇننى ئۇزىتىپ بەردى. ئۇنى جايلاشتۇرىدىغان ئەپلىك يەر يوق ئىدى. سادىق ئاخۇن تىزىغا قويماقچى بولۇۋېدى، بايىقى يىگىت دەرھال تالاشتى.

— سىلىگە ئېغىر كېلىدۇ. ھازىرچە مەن تۇتۇپ ئولتۇراي، ئاپتوبۇس ئىچى بېسىققاندا ماۋۇ يولغا قويۇپ قويىمەن.

سادىق ئاخۇن قانچە رەت قىلىپ باققان بولسىمۇ، يىگىت خۇرجۇننى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىۋېلىپ، ئۆز تىزىغا قويۇۋالدى. يىگىتنىڭ مۇنداق مەرد ۋە كۆيۈمچانلىقى ئۇنى ئىنتايىن تەسىرلەندۈرگەنىدى.

— رەھمەت بالام، — دېدى ئۇ تىترەك ئاۋازدا، — سىزگە ئېغىرچىلىقىمنى سېلىۋەردىم، خۇدايىم نېسىپ قىلسا، بۇ ياخشىلىقىڭىزنى ھەسسىلەپ قايتۇرارمەن!

— خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن بۇ سەپەردە ھەمراھ بولۇپتىمىز، بىر-بىرىمىزنىڭ ئېغىرچىلىقىنى كۆتۈرمىسەك بولامدۇ؟! — دېدى يىگىت كەمتەرلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ.

سادىق ئاخۇن ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم تەشەككۈر بىلدۈرگەندىن كېيىن، دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ، سىرتتا تۇرغان ئوسمانغا دېدى:

— بالام، يەنە بىر قېتىم سەمىڭگە سالاي، ھېلىقى شەيتان تۈگمىنى»①نى دەپ نامىزىڭنى قازا قىلما. خانىقا قۇرۇلۇشىغا ھەر كۈنى بېرىپ تۇرغىن، ماقۇلما؟

— ماقۇل. ئوبدان دادا، ئەنە ئۇ ئاخىرقى قېتىم يالۋۇراي، پۇللارنى...

سادىق ئاخۇننىڭ چىرايى دەررۇ تۇتۇلدى:

— ئەستاغپۇرۇللا!.. نەچچە مارتىم ئېيتتىمغۇ ساڭا، مەن سەپەر كۆرمىگەن كىچىك بالىمىدىم!؟

شۇ پەيت ماشىنا ئورنىدىن قوزغالدى.

---

① «شەيتان تۈگمىنى» — توك تۈگمىنىنى دېمەكچى.

ئۇزاتقۇچىلارنىڭ بەزىلىرى يىغلاشتى، بەزىلىرى، قول پۇلاڭلىتىشتى ۋە بەزىلىرى ئايرىلغۇسى كەلمىگەندەك ئاپتوبۇسنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈشتى. ئەمما ئوسمان ئۆز ئورنىدا قېقىلىپ قويغان قوزۇقتەك قېتىپ قالغانىدى.

ئاپتوبۇس چوڭ يولغا يۈرۈلغان ھامان ئۇلار بىر - بىرى بىلەن تونۇشۇۋېلىشتى.

ھېلىقى يىگىتنىڭ ئىسمى - شەرىپى ھىدايىتۇللا مەخسۇم بولۇپ، ئاتاقلىق ئىشانلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەن.

— رەھمەتلىك دادام مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ پىر-ئۇستازى ئىدى، — دېدى ئۇ پەخىرلەنگەن تەلەپپۇزدا، — ئالدىنقى يىلى خۇدانىڭ دەرگاھىغا راۋان بولغاندىن كېيىن، مۇرىتلىرى ئاكامنى پىرلىق ئورنىغا چىقىرىشتى. مەن تېخى ياش، ھازىرچە مازايى - ماشايىقلارنى تاۋاپ قىلىش، ھەرقايسى يۇرتلاردىكى تەرىقەت ئۇستازلىرىدىن تەلىم ئېلىش ئۈچۈن جاھان كېزىپ يۈرۈۋاتىمەن. يېقىندا تۇرپاندىكى ئەسهابۇلكەھف ۋە قەشقەردىكى بۇۋام-ئاپپاق خوجام مازارلىرىنى تاۋاپ قىلىپ قايتقانىدىم. ئۆيۈمدە بىر ھەپتىلا تۇرۇپ، يەنە پاششىم زىيارىتىگە ماڭدىم. ئىلگىرى بۇ ئۇلۇغ مازارنى 15 قېتىم تاۋاپ قىلغانىدىم.

ئوھ - ھۇ! نېمىدېگەن ئىخلاسمەن يىگىت بۇ!؟ «پاششىم»نى 16 قېتىم تاۋاپ قىلىش دېگەنلىك ئىككى قېتىملىق ھەج قىلىشتىنمۇ ئارتۇق ئەمەسمۇ، ئاخىر!؟ سادىق ئاخۇن بولسا، شۇنچە يىل ئۆمۈر كۆرگەن تۇرۇقلۇق ئاران ئالتە قېتىملا بارالىغان. بۇ قېتىمقىسىنى قوشقاندا پەقەت بىر ھەجگىلا تەڭ بولىدۇ، خالاس. ھەي ئىسىت ... ھەي ئىسىت! ئۇ، ياشلىق، ئوتتۇرا ياشلىق چاغلىرىنى ئەجەبمۇ بىكار ئۆتكۈزۈۋەتكەن ئىكەن-دە! ...

شۇ تاپتا سادىق ئاخۇننىڭ بۇ ياش ھەمراھىغا زوقلىنىشتىن ئاغزى ئېچىلىپلا قالغانىدى.

مەلۇم بولۇشىچە، ھىدايىتۇللا مەخسۇم ئىنايىتۇللا خوجا ئىشاننىمۇ ئوبدان تونۇيدىكەن، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى بىر غولغا تۇتىشىدىغان شاخ - پۇتاقلاردىن ئىكەن. ئۆز ۋاقتىدا ئىنايىتۇللا ئىشانمۇ ئۇنىڭ دادىسىدىن تەرىقەت ئىلمىنى ئۆگىنىپتىكەن. ھىدايىتۇللا بۇ قېتىم ئۇ زاتنىڭ ھوزۇرىدا ئۈچ كۈن ئىستىقامەتتە بولۇپتۇ.

بۇ خەۋەر سادىق ئاخۇننىڭ ھىدايىتۇللاغا بولغان ھۆرمىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. ئاخىر، ئىنايىتۇللا خوجا ئىشان دېسە، بۇ يۇرتتا بىلمەيدىغان كىشى يوق. ئېيتىشلىرىچە، ھاكىم، ۋالىي دېگەن مەنسەپدارلارمۇ، ھەتتا خەنزۇ باشلىقلارمۇ يۇرتنىڭ ئىشلىرى توغرىسىدا پات - پات ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشەرمىش. شۇنداق بىر ئۇلۇغ زات مۇشۇ ياش ھەمراھىنىڭ دادىسىنى ئۇستاز تۇتقان بولسا، ئۇ مەرھۇم خوجامنىڭ ئەۋلىيا - ئەنبىيالار دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىدە گۇمان يوق. بۇ قېتىم سادىق ئاخۇننىڭ ھەقىقەتەن ئامىتى كەپتۇ. ئاخىر، مۇشۇنداق بىر ئۇلۇغ خانىدانغا مەنسۇپ بولغان كىشى بىلەن سەپەرداش بولۇش — ھەممىشەملا، ھەممىلا كىشىگە نېسىپ بولۇۋېرىدىغان ئىشمۇ؟ ئۇ، بۇ ياش خوجامنىڭ پېشىنى مەھكەم تۇتسۇن! شۇنىڭ خاسىيىتى بىلەن پاششىم مازارى مەدەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى «گۇناھ»لىرىنىمۇ پاك - پاكىزە ئەپۇ قىلىۋەتسە، ئەجەب ئەمەس...

بىراق، شۇ زامان سادىق ئاخۇننىڭ چىرايىدا ئاللىقانداق چۆچۈش ئالامىتى پەيدا بولدى - دە، ئويپۇل - توپۇل ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى.

— خوجام، بايا بىلمەسلىكىمدىن ئالدىلىرىدا بىر بىئەدەبلىك قىپتىمەن، — دېدى

ئۇ ئەمدى «بالام»نى «خوجام»غا، «سىز»نى «سىلى»گە ئالماشتۇرۇپ، — ئورۇنلىرىنى ئەكىلىۋېلىپ، سىلىنى قىستاپ قويۇپتىمەن، تېخى، خورجۇنۇمنى كۆتۈرگۈزۈپتىمەن. بەك يامان ئىش بوپتۇ، ئەپۇ قىلسىلا، قوپسىلا، ئەندى ئۆز ئورۇنلىرىغا ئۆتۈپ ئولتۇرسىلا.

ھىدايىتۇللا ئوڭ قولىنى ئۇزىتىپ، ئۇنىڭ مۈرىسىنى تۇتتى - دە، ئاۋايلاپ پەسكە باستى.

— ئاتا، مەن بۇ سەپەرگە ساۋاب ئىزدەپ چىققان، سىلىدەك ئاتا يوللۇق كىشىگە ئازراق بولسىمۇ خىزمەت يەتكۈزسەم مۇرادىم ھاسىل بولىدۇ، مېنى ئۇنداق تەڭلىكتە قويماي ئولتۇرۇۋەرسىلە.

بۇ قېتىمقى تالاش - تارتىشتىمۇ يەنىلا ھىدايىتۇللا يېڭىپ چىقتى. سادىق ئاخۇن ئامالسىز ئۇنىڭ دېگىنىگە كۆنۈشكە مەجبۇر بولدى. ئەمما يول بويى خۇددى يانتاق ئۈستىدە ئولتۇرۇۋاتقاندەك ناھايىتى بىئارام بولدى.

ھىدايىتۇللا 27 — 28 ياشلارغا كىرگەن، قاتاڭغۇر، ئورۇق يىگىت ئىدى. بېشىغا سەل كونىرىغان سەرپۇش تۇماق، ئۈستىگە رەڭگى ئۆڭگەن قاراتون كىيىۋالغانىدى. قارامتۇل چىرايى ئىپادىسىزدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن دىققەت بىلەن قارىغاندا، قارىچۇقلىرىنىڭ تىنماي ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى بايقىۋېلىشقا بولاتتى.

«شۇ كەمدىكى ياشلار ئىچىدە مۇنداق ئوبدانلىرىمۇ بار ئىكەن، — دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى سادىق ئاخۇن، — بىر مۇنچە ياش باللار يولدا ئۇچراپ قالسا، سالام بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، قاراپمۇ قويماي ئۆتۈپ كېتىدۇ. سەللا چىشىغا تېگىپ قويساڭ، خۇددى ئۇششۇك ھەرىسىدەك نەشتىرىنى سانجىشقا تەييار. تېخى، ھېلىلا ئاۋۇ ئۇزۇن چاچلىق بالا ئۇرۇۋېتىشكە قىل قالدى. ئۆز پۇشتۇمدىن تامغان ئوسمان چېغىمدا پۇللىرىمنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن دوپپامغا جىگدە سېلىشنىڭ كويىدا يۈرىدۇ. ھازىرقى ياشلاردا ئىنساپ دېگەن نەرسە يوق دەپ ئويلايتتىم. ياق، ماۋۇ ياش خوجامدەكلەرمۇ بار ئىكەن. بىر ئوبدان ھەمراھقا ئۇچراپتىمەن بۇ قېتىم. خۇدايىم يولۇمنى بىرىپتۇ...»

ئاپتوبۇس چۆل ئارىسىدىكى يولغا چىققاندىن كېيىن، تېزلىكىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. كابىنكىغا ئورنىتىلغان ئۈنئالغۇدىن «ناۋا» مۇقامى ياڭرايتتى. يولۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۈگدەشكە باشلىدى. ھىدايىتۇللامۇ بېشىنى يۆلەنچۈككە تىرەپ كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغانىدى. سەپەرگە چىقىشنىڭ ئالدىدىكى پۈتۈن بىر كېچىنى دۇئا - تەلەپ بىلەن ئۆتكۈزگەن سادىق ئاخۇننى بايىلا ئۈگدەك باسقانىدى. بىراق «خوجامنىڭ ئالدىدا بىئەدەبلىك بولمىسۇن» دەپ ئۆزىنى زورىغا تۇتۇپ ئولتۇرغان، مانا ئەندى كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى - دە، ئېغىرلىشىپ كەتكەن قاپاقلىرىنى يۇمدى.

3

ئۇلار قارىماققا بىللە سەپەرگە چىققان ئاتا - بالىغىلا ئوخشايتتى. ھىدايىتۇللا ئۆزىنىڭ كونىرىغان قاراسومكىسىنى سول قولىدا تۇتۇپ، سادىق ئاخۇننىڭ خورجۇنىنى ئوڭ مۈرىسىگە ئارتىۋالغانىدى. ئىككىسى ياندىشىپ مېڭىپ بېكەت دەرۋازىسىدىن چىقتى - دە، گويا قەيەرگە مېڭىشنى بىلەلمىگەندەك، دەرەخ سايىسىدە توختاشتى.

— ئاتا، بۈگۈنكى كېچىنى «خۇدانىڭ ئۆيى» ① دە تۈنەپ ئۆتكۈزسەك، قانداق؟

تەلپىكى بىلەن يۈزىنى يەلپۈۋاتقان سادىق ئاخۇن سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، خىجىل بولغان تەلەپپۇزدا جاۋاب بەردى:

① «خۇدانىڭ ئۆيى» — مەسچىت ياكى خانىقا كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

— خوجام، بولمىغۇ، شۇنداق قىلساق، بەك بەلەن ئىش بولاتتى. ئەمما، بۇ يۇرتتىكى بىر دىيانەتلىك سارايۋەن بىلەن تونۇشۇپ، بىر تۇغقاندەك بولۇپ كېتىۋىدۇق، كېلىپ - كېتىشتە ھەممىشە شۇنىڭ سارىيىغا چۈشەتتىم. بۇ دورىمۇ ئالدىن خەۋەر بېرىۋېتىپتىكەنمەن، چۈشمەي ئۆتسەم، رەنجىپ قالارمىكىن.

جىندەك ئويلىنىش نۆۋىتى ئەمدى ھىدايىتۇللاغا كەلدى.

— ئاندىن ئۇ يەردىن پاشىمغا بارىدىغان ھارۋا تاپىماقمۇ ئوڭاي، — دەپ يەنە قوشۇپ قويدى سادىق ئاخۇن.

ھىدايىتۇللانىڭ چىرايى نېمىشقىدۇ تۇرۇلۇپ قالغانىدى.

— ماقۇل ئاتا، — دېدى ئۇ، سەلدىن كېيىن زورىغا كۈلۈمسىرەپ، — دوست - بۇرادەرلەرنى رەنجىتمىش ياخشى ئىش ئەمەس، شۇ يەرگە چۈشەيلى.

سارايۋەن سادىق ئاخۇننى راستىنلا تونۇيدىكەن. ئەمما ئۇ ئېيتقاندەك ئۇنچىۋالا قەدىناسلاردىن بولمىسا كېرەك، ئۇنىڭ بىلەن ئادەتتىكىچە سالاملىشىپ، ئالتە - يەتتە كىشى سىغقۇدەك بىر ھۇجرىغا باشلاپ قويۇپلا چىقىپ كەتتى. سادىق ئاخۇن چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ، تام تەرەپتىكى بوش ئورۇنغا ئالدىراپ - تېنەپ جايلاشتى. ھىدايىتۇللا نېمىشقىدۇ ئۆزىچە كۈلۈمسىرەپ قويدى - دە، مۇرىسىدىكى ئېغىر خۇرجۇننى ھەمراھىغا ئۆزىتىپ بېرىپ، سول قولىدىكى قارا سومكىنى ئۇنىڭ يېنىغا قويدى.

ھۇجرىغا ئۇلاردىن بۇرۇنلا ئۈچ يولۇچى ئورۇنلىشىپ بولغانىكەن، بىر ئازدىن كېيىن يەنە ئىككىسى كىردى. ئادەت بويىچە سالاملىشىپ تونۇشقاندىن كېيىن مەلۇم بولدىكى، ھەممەيلەن پاشىشىم تاۋابچىلىرى ئىكەن. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، ئەتىگەنلىككە باش توخۇ چىللاش بىلەنلا يولغا چىقىشقا كېلىشتى.

ھۇجرىنىڭ ھاۋاسى ھەم تىنجىق، ھەم بەدبۇي پۇراققا تولغانىدى. سادىق ئاخۇن ئاپتوبۇستا كەلگىچە ئۇخلىۋالغاچقىمۇ، ياكى ئادىتى بويىچە بۇ قېتىم «تولۇق پاكلىنىش» ھەققىدىكى ئارزۇ - ئۈمىدلىرى خىيالىنى چۇلغىۋالغاچقىمۇ، ئەيتاۋۇر كۆزىگە زادى ئۇيقۇ كەلمىدى. ئۇ، ئىككى يولۇچىنىڭ خورىكىگە جىلە بولغان ھالدا ھەدەپ ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلەتتى، ئۆرۈلەتتى، ئېغىر-ئېغىر خورسىناتتى.

— ۋايجان، ۋاي قورسىقىم!

سادىق ئاخۇن يېنىدا ياتقان ھىدايىتۇللانىڭ ئېچىنىشلىق ئىڭرىشىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى - دە، بېشىنى تەكىيىدىن تېزلا كۆتۈردى. «ئاخشام ساپساق ئىدىغۇ؟»

— خوجام، نېمە بولدىلا؟

— ۋايجان، قورسىقىم بەك ئاغرىۋاتىدۇ.

سادىق ئاخۇن دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنى يۆلىمەكچى بولۇۋېدى، لېكىن ھىدايىتۇللا بېشىنى يەنە تەكىيىگە تاشلاپ ئىڭراۋەردى. بۇ چاغدا ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئاشقانىدى. شۇ ئارىدا باشقا ھەمراھلارمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ يېقىن كېلىشتى. ھىدايىتۇللا يۆكىلىپ، ئىككى قولىدا كىندىكىنىڭ ئۈستىنى باسقان پېتى ھەدەپ ئىڭرايتتى، بەزىدە قۇرۇق ھۆ قىلاتتى.

باش توخۇمۇ چىللىدى، مانا ئەزان ئاۋازىمۇ ئاڭلاندى. ئەمما ئوزايىمدىن قارىغاندا، ھىدايىتۇللانىڭ ئاغرىقى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتكەندەك قىلاتتى. تاڭمۇ سۈزۈلدى. ئەنسىرەش ۋە ھودۇقۇش ئىچىدە قاراپ تۇرۇشقان كىشىلەردىن بىرى ئاخىرى دوختۇر ياكى تېۋىپقا كۆرسىتىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

— ياق، — دېدى ھىدايىتۇللا بۇ تەكلىپنى كەسكىن رەت قىلىپ، — ئاللاھ ئىگەم سالغان كېسەلگە بەندىدىن شىپالىق تىلەپ

كۆناھلىق بولۇشنى خالىمايمەن!

كۆپچىلىك تازىمۇ تەڭلىكتە قېلىشتى. شۇ تاپتا ئۇلار بۇ ياش ھەمراھىنىڭ ئۆزلىرىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان ئىخلاسمەن مۇسۇلمان ئىكەنلىكىگە تولۇق قايىل بولۇشقانىدى. بىراق شۇنىڭ تۈپەيلىدىن سەپەرنى توختىتىپ قويۇشنىمۇ خالىمايتتى. ئەممە، قانداق قىلىش كېرەك؟

ھارۋىكەش ئۈچىنچى قېتىم كىرىپ ئالدىراتتى.

— ئەگەر بۈگۈن ماڭالمىساڭلار مېنىڭ بىر كۈنۈم ئۆلدى دېگەن گەپ، — دېدى ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ، — ئۇنداقتا توختام بويىچە بىر كۈنلۈك كىرا ھەققىنى قوشۇپ تۆلەيسىلەر.

كونىلار: «تۆگىنىڭ مازار بىلەن ئىشى يوق» دەپ زەپ توغرا ئېيتقان ئىكەن - دە. مانا شۇ تاپتا ئىككى خىل كەيپىيات، ئىككى خىل ھەۋەس بىر - بىرى بىلەن توقۇنۇشتى. بىر تەرەپ باقىي ئالەم ئۈچۈن ساۋابقا ئېرىشمەكچى، يەنە بىر تەرەپ بولسا تىرىكچىلىك يولىدىكى نەق ماددىي مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرمەكچى. ئۇلار بىر پەس خۇددى چاقماق چېقىلىش ئالدىدىكى تىمجىق ھاۋادەك سۈكۈتكە چۆمگەن ھالدا ئېغىر نەپەس ئېلىشىپ تۇرۇپ قېلىشتى. مەنىۋى ساۋاب ئىزدىگۈچىلەرنىڭ دىنىي ۋە ئادەمگەرچىلىك تۇيغۇلىرىنى ھەرگىزمۇ كەم ھېسابلاشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. شۇڭا مەن تاۋابچىلارنى ھارۋىكەشنىڭ نەپسانىيەتچىلىكى ئالدىدا قىلچە بوش كەلمەيدۇ، بولدى، تەلىپىڭنى قاندۇرىمىز، دەپ ئۇنى تازا لەت قىلىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق، ئەھۋال ئۇنداق بولماي چىقتى. ئۆز ئارا كۇسۇرلىشىشلار، باش لىڭشىتىشلار ئارقىلىق داۋاملاشقاندىن كېيىن جۈرئەتلىكرەك بىرسى ئالدىن ئېغىز ئاچتى:

— بەزىلىرىمىزنىڭ ئۆيىدە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان كېسەللەر بار ئىدى...

ھەر كۈنى تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن چىللاشنى ھەمىشەم بىر خوراز باشلايدۇ، ئارقىدىنلا باشقىلىرى بەس - بەستە ئەگىشىدۇ. ھازىرمۇ ئەھۋال خۇددى شۇنداق بولدى.

— مەن ئومىدا ئۈلگۈرۈپ بارمىسام بولمايتتى.

— ئوغلۇمنىڭ توي ئىشى ماڭىلا قاراشلىق قالغان.

— پۇلنى ئازلا ئەكەپتىكەنمەن، يول بويى قورۇق نان يەپلا ...

ئاخىرقى كىشى گەپنىڭ پۇسكاللىسىنى ئېيتىۋەتتى. ھېچكىمنىڭ بىر كۈنلۈك ئارتۇق چىقىم قىلغۇسى يوق ئىدى. شۇنداق قىلىپ، مېنىڭ دىنىي ۋە ئەخلاقىي تۇيغۇلارنى ماددىي مەنپەئەت تۇيغۇسىدىن ئەلا بىلىش خاھىشىم گويا قورام تاشقا ئۇرۇلغاندەك چۇل - چۇل بولۇپ كەتتى.

— تۈنۈگۈن ئاپتوبۇستا كېلىۋېتىپ، ئىملاجىسىز ناماز دىگەرنى قازا قىلىپ قويدۇم، — ئۇشتۇمتۇت سۆز باشلاپ قالدى ھىدايىتۇللا پەس ئاۋازدا. — بۇ كېسەل، ياراتقان ئىگەمنىڭ شۇ ئىش ئۈچۈن ماڭا بەرگەن جازاسى، پەقەت چىن ئىخلاسىم بىلەن تۆۋە - ئىستىغپار ئېيتسام، خۇداۋەندە كېرىم چوقۇم شىپالىق بېرىدۇ. شۇڭا ئاتىلار، ئاغىلار سىلەر مېنى دەپ بۇ خاسىيەتلىك سەپەرنى كېچىكتۈرۈپ قويماڭلار، ھازىرلا يولغا چىقىۋېرىڭلار. مەنمۇ خۇدايىم بۇيرۇسا، ئەتە ياكى ئۈگۈن ئارقاڭلاردىن يېتىپ بارىمەن، — ئاندىن ئۇ سادىق ئاخۇنغا قاراپ داۋام قىلدى، — ئاتا، ئۆزلىرىمۇ بۇ ھەمراھلار بىلەن بىللە مېڭىۋەرسىلە، مېنى خۇدايىم ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ.

كۆپچىلىك گويا يەلكىسىدىن ئېغىر بىر يۈك ئېلىپ تاشلانغاندەك يېنىك نەپەس ئېلىشتى. بىراق سادىق ئاخۇنىڭ تەڭلىكى قىلچىمۇ پەسەيمىگەنىدى.

ياخشىلىققا ياخشىلىق قىلىش — ئىنسان بالىسىنىڭ قەرزىغۇ ئاخىر! گەرچە ئۇ، بۇ يىگىت بىلەن تونۇشقان ئەتىگەن ئاپتوبۇسقا چىققاندىن كېيىنلا تونۇشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىر مۇنچە غەمخورلۇقىغا ئېرىشتى: ھىدايىتۇللا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ قولاي ئورنىنى ئۆتۈنۈپ بەردى. ماشىنا توختىغان جايلاردا ئۇسسۇزلۇق ۋە يەل-يېمىش ئەپچىقىپ بەردى، كېرىيە بازىرىدا ھەتتا گۆشگىردە بىلەن مېھمان قىلدى، ئېغىر خۇرجۇنىنى كۆتۈرۈشتى. سەپەر دېگەندە ئۆز ئوغلۇڭ بولغاندىمۇ شۇنچىلىك قىلار. مۇشۇنىداق بىر مەرد ۋە كۆيۈمچان يىگىتنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە، ئۇنى تاشلاپ كەتسە تازىمۇ تۇزكورلۇق قىلغان بولمامدۇ؟!...

— ئاللاھ ئىگەم ھەممىگە قادىر، ئىنشا ئاللاھ كېسەللىرىگە جەزمەن شىپالىق ئاتا قىلىدۇ، — دېدى سادىق ئاخۇن كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، — مەن يانلىرىدا قالىمەن، ئىككىمىز يەنە بىللە سەپەر قىلىمىز.

ھىدايىتۇللا مىننەتدارلىق بىلەن كۈلۈمسىرىدى.

باشقا تاۋابچىلار مېڭىپ كەتكەندىن كېيىن، ھىدايىتۇللا ئاغرىققا چىداپ تاھارەت ئالدى - دە، ئىككىسى بىللە بامدات نامىزىنى ئوقۇدى. يەنە جاينامازدىن قوپماي بىر سائەت چامىسىدا دۇئا - تەلەپ قىلىشتى. شۇندىن كېيىن ھىدايىتۇللانىڭ كېسىلى ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى، چۈشتە ئىككى قاچا سۇيۇقاشنى پاك - پاكىزە سوقۇۋەتتى. سارايغا يەنە مېھمانلار كېلىپ ئورۇنلاشتى. بۇ بازاردا باشقا ئىشلىرى بولمىغاچقا، بىزنىڭ تاۋابچىلىرىمىز چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىتنى يېتىپ ئۇخلاش بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇلار نامازدىگەرنى ئوقۇپ بولۇپ، ئەتىلا يولغا چىقىشنى مەسلىھەتلەشكەنىدى، بىراق ھارۋا تېپىلمىدى، نەتىجىدە يەنە بىر كۈننى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتتى. سارايغا پېشىندىن كېيىنكى مېھمانلار كېلىپ - كېتىپ تۇراتتى. بىراق، ئۇلار يا تىجارەتچىلەر ياكى باشقا بىر ئىشلار بىلەن كەلگەن كىشىلەر ئىكەن. ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە سادىق ئاخۇن بىلەن ھىدايىتۇللا «پاششىم» كەنتىگە قايتىدىغان بىر دېھقاننىڭ ھارۋىسىنى كىرا قىلىپ، يولغا چىقتى.

4

ئۇلار «پاششىم» كەنتىدە ھارۋىكەش بىلەن خوشلىشىپ، ئورمانلىق ئىچىدە يەنە بەش كىلومېتىردەك يول يۈردى - دە، ئاندىن كۆزلىگەن نىشانغا يېتىپ كېلىشتى.

— خۇداغا شۈكرى، مانا ئۇلۇغ پاششىمغىمۇ يېتىپ كەلدۇق، خوجام.

— ئاتا، ياراتقان ئىگەم مۆمىن بەندىلىرىنى ھەمىشە مۇراد - مەقسىتىگە يەتكۈزىدۇ.

ئەتراپ چەكسىز قۇملۇق بولۇپ، مازار ۋە ئۇنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان ھۇجرىلار خۇددى چەكسىز ئوكيان ئىچىدە لەيلەپ تۇرغان كونا كېمىگە، ئۇ يەر - بۇ يەردە چوخچىيىپ تۇرغان قېرى توغراق دەرەخلىرى شۇ كېمىنىڭ ماچتىلىرىغا ئوخشايتتى. پۈتۈن مازارلىق دائىرىسىنى جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان كونا ئېقىن ئىزى ئىككىگە ئايرىپ تۇراتتى. ئېقىننىڭ شەرقىدىكى كىچىكرەك تەكشىلىككە خانىقا ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان چوڭ شىپاڭ، داشقازان ئېسىلغان ئاشخانا، ئالاھىدە ئىستىقامەت قىلىش ئۆيى قاتارلىقلار جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ نېرىسىدىكى ئېگىز دۆڭدە كونا سۇمە ① چوخچىيىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۆگزىسىدىكى خادا ياغاچلارغا تۇغ - شەددىلەر، تولۇم، مۈڭگۈزلەر ۋە ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ قۇيرۇقلىرى ئېسىلغانىدى. بۇ ھال مازارغا ئاجايىپ سىرلىق تۈس بېرىپ، تۇنجى كۆرگەن كىشىنىڭ كۆڭلىگە ئىختىيارسىز

① سۇمە — ئاساسىي قەبرىنى قورشاپ تۇرغان دەقبەرە.

قورقۇنچ سالاتتى، شۇنداقلا چەكسىز ھۆرمەت ۋە ئىخلاسمەنلىك تۇيغۇسى بېغىشلايتتى. ئىمام جەئفەر سادىقنىڭ ئاتالمىش قەبرىسى سۇمە ئىچىدە بولۇپ، ئۈستىگە يوپۇق يېپىلغانىدى.

سېلىنغىنىغا نۇرغۇن يىللار بولغان مەسچىت، تىلاۋەتخانا، ئىسكىلات ۋە ھۇجرىلار ئېقىننىڭ غەربىي تەرىپىدىكى چوڭ تەكشىلىككە جايلاشقان بولۇپ، ئۈچ تەرىپى تۇغراق ئۇ يەرگە سايە چۈشۈرۈپ تۇرىدۇ. مازارنىڭ شەيخى ۋە تاۋابچىلار سۇنى ئېقىن ئىچىگە كولانغان قۇدۇقتىن چېلەك بىلەن تارتىپ ئىچىدۇ.

يىلىنىڭ ياز مەۋسۇمىدىن باشقا ئۈچ پەسلىدە بۇ يەردىن تاۋابچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. بەزى كۈنلىرى ھەتتا 100 نەچچىگە يېتىدۇ. لېكىن ھازىر ئۇ ما ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالغاچقا، پۈتۈن مازارلىق تىمتاس ئىدى.

بىزنىڭ تاۋابچىلىرىمىز ھۇجرىلار يېنىدا توختىماي، ئۇدۇل ماڭغان پېتى سۇمە يېنىغا كېلىپ تىز چۆكۈشتى. ئاۋۋال بىر نەچچە مىنۇت ئۈنسىز دۇئا قىلىشقاندىن كېيىن سادىق ئاخۇن خۇرجۇنىنىڭ بىر يېنىدىن قىزىل دۇخاۋىغا يۆگەلگەن «قۇرئان» نى ئېلىپ ھىدايىتۇللاغا ئۇزاتتى. كىتابنى يۈزىگە تەگكۈزۈپ بىر پەس تۇتۇپ تۇردى-دە، يەنە سادىق ئاخۇنغا تەڭلىدى.

سادىق ئاخۇن «قۇرئان» ئوقۇشنى بىلەتتى. بىراق مۇشۇنداق «ئۇلۇغ مازار» ئالدىدا ئۇنى قىرائەت قىلىپ ئوقۇشتىن ئىبارەت بۇ خاسىيەتلىك ئىشنى بۇ مەشھۇر ھەمراھىغا چىن كۆڭلىدىن ئۆتۈنمەكچى بولغانىدى. ياخشى كىشىلەر ھەمىشە ھەر بىر خاسىيەتلىك ئىشنى باشقىلارغا ئۆتۈنىدۇ. ھىدايىتۇللا بۇ جەھەتتە سادىق ئاخۇندىنمۇ ئاشۇرۇۋەتتى.

— ئۆزلىرىدەك خىزىر سۈپەت ئادەم تۇرغان يەردە مەندەك بىر نادانىنىڭ ئالدىغا ئۆتمەكى بىئەدەبلىك بولىدۇ، — دېدى ئۇ ئېگىلىپ تۇرۇپ،

ئۇ نەچچە كۈنىنىڭ ياقى سادىق ئاخۇننى «ئاتا» دەپ ئاتاپ ۋە ناماز ئوقۇغاندا ئىمامەتلىكنى ئۆتۈنۈپ، چوڭقۇر تەسىرلەندۈرگەنىدى. ھازىر يەنە ئۇنى تېخى خىزىر ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاتتى. «ھەي... ئېھىملا دېگەن بىلەن ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ پۈشتى دېگەن باشقىچە بولىدىكەن-دە. بۇ ئىسىلىمدا مۇشۇ ياشتىكىلەر ئىچىدە بۇ يىگىتتەك تەڭلەشكۈدەك يەنە بىرسى تېپىلمىغۇدەك. يۇرتقا قايتقاندىن كېيىن جەزمەن...»

سادىق ئاخۇن «قۇرئان» نى قولىغا ئېلىپ «تابارەك» سۈرىسى بار جايىنى ئاچتى ۋە كېلىنى قىرىپ قويۇپ، ئۈنلۈك ئوقۇشقا تۇتۇندى.

تولۇق نامى «ئىمامى جەئفەر سادىق پادىشاھىم مازىرى» دەپ ئاتىلىدىغان، ئاۋام خەلق تىلىدا قىسقارتىلىپ ۋە بۇزۇپ «پاششىم» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بۇ مازار — ئىسلامىيەت تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەردىن بىرى بولغان ئىمام جەئفەر سادىق نامى بىلەن مەشھۇردۇر. شىنجاڭدىكى تەرىقەتچى خوجا-ئىشانلار، سوپىلار بۇ جايدا ئەنە شۇ تارىخىي شەخسنىڭ جەسىتى ياتىدۇ، دەپ سۆزلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئىسلام لەشكەرلىرى ئىسلام ئېچىش ئۈچۈن مۇشۇ يۇرتقا كەلگەندە ئىمام جەئفەر سادىق مۇشۇ جايدا بۇتپەرەسلەر تەرىپىدىن شېھىد قىلىنغانىمىش. ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى مەزھەپ جەھەتتە تەرىقەتچى بولمىغان، ئەمما ئىسلامىيەت تارىخىدىن تولۇق خەۋىرى يوق بىر مۇنچە كىشىلەرمۇ يۇقىرىقى رىۋايەتكە ئىشىنىدۇ. بەزىلەر ئىمام جەئفەر سادىققا ئائىت ھەقىقىي ئەھۋاللارنى ئاڭلىسىمۇ، نېمىدىندۇر چۆچۈپ، بۇرۇنقى قارىشىنى ئۆزگەرتىشنى خالىمايدۇ. تەرىقەتچىلەر كىشىلەر قەلبىگە يەنە مۇنداق بىر ئەقىدىنىمۇ چوڭقۇر سىڭدۈرۈۋەتكەن. يەنى مەككىگە بېرىپ ھەج تاۋاب قىلالمىغان مۇسۇلمانلار

«پاششىم مازىرى» غا ئۆمۈردە پەقەت قېتىم تاۋاپ قىلىپ بارسا، بىر قېتىملىق ھەج قىلغانغا باراۋەر ساۋابقا ئېرىشەرمىش.

شۇنداق قىلىپ، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى سان - ساناقسىز كىشىلەر بۇ يەرگە كېلىپ «ساۋاب تېپىپ، گۇناھلىرىدىن پاكلىنىشتى». مازىرمۇ بۇ ئىش داۋام قىلىۋاتىدۇ ۋە ئۇنىڭ قاچانغىچە سوزۇلۇشىنى ھېچكىم بىلەلمەيدۇ.

بۇ مازار چەكسىز دەشتى قۇم ئىچىدىكى بىر غېرىبانە جاي بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئىنتايىن پاجىئەلىك بىر ۋەقەگە باھانە بولغان مۇنداق بىر ئىشمۇ بار: موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ھەممىدىيە» ناملىق كىتابىدا يېزىلىشىچە، مىلادى 1860- يىللارنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدا بىر قانچە بۆلۈنمە ھاكىمىيەت قۇرۇلغان بولۇپ، خوتەن ھاكىمىيىتىگە ھەبىبۇللاخان ھاجى ئىسىملىك بىر تەقۋادار مۇپتى پادىشاھ بولغانىكەن. 1866- يىلىنىڭ ئاخىرىدا ياقۇپبەگ لەشكەرلىرىنى باشلاپ قارىقاشنىڭ زاۋا دېگەن يېرىگە يېتىپ كەپتۇ. كېيىن خوتەننى ھەربىي ھۇجۇم بىلەن ئىشغال قىلىشقا كۆزى يەتمەي «ھىيلە - مىكىر تەدبىرىگە قەدەم قويۇپ...» ① ھەبىبۇللاخانغا ئالدامچىلىق مەكتۇبى يوللاپتۇ.

«مەقسىتىم ئۆزلىرى بىلەن جەڭ قىلىش ئەمەس، بەلكى ھەزرىتى ئىمامى جەئفىرى سادىق مازىرىنى زىيارەت قىلىشتۇر، - دەپتۇ ئۇ مەكتۇبىدا، - ھاجى ئاتام رۇخسەت قىلسا، بۇ ئۇلۇغ نىيىتىمنى ئادا قىلسام ھەم ئۆزلىرى بىلەن دىدارلىشىپ مۇبارەك تەلىملىرىنى ئالسام... كەمىنە كەمبەغەل خىزمەتكارلىرى پادىشاھ ئاتامنىڭ ئاياغلىرىنى، تۇغ - ئەلەملىرىنى ساقىلىم بىلەن سۆيۈرسەم...» ②

ياقۇپبەگ ئاندىن بىر پارچە خىشنى نەچچە قات تاۋار - دۇردۇنغا يۆگەپ، ئالغان «قۇرئان» ياساپ، ئابدۇللا ئەمىر لەشكەر ئاتلىق ئەلچىسىگە تۇتقۇزۇپتۇ - دە، «ناۋادا ھاجى مەكتۇبىمىزغا ئىشەنمىسە، مۇشۇنى تۇتۇپ قەسەم قىل» دەپ بۇيرۇپتۇ. ھەبىبۇللاخان خېلى سەگەك كىشى ئىكەن، شۇڭا باشتا ياقۇپبەگ مۆلچەرلىگەندەك ئۇنىڭ ۋەدىسىگە تازا ئىشىنەلمەپتۇ. بىراق، ئۇ ئىنتايىن ئىخلاسمەن مۇسۇلمان بولغاچقا، مەككار ئەلچى «قۇرئان» تۇتۇپ قەسەم قىلىپ، ئۇنىڭ ئىككىلىنىشلىرىنى يېڭىپتۇ. ھەبىبۇللاخان ئاران 40 يىگىتنى باشلاپ زاۋىغا ياقۇپبەگنىڭ ئالدىغا كەپتۇ - دە، ھاكىمىيىتىدىنمۇ، جېنىدىنمۇ ئايرىلىپتۇ. ياقۇپبەگ ھەبىبۇللاخان نامىدىن بۇرۇنلا: «مۇداپىئەنى بىكار قىلىپ، بەدۆلەت ھەزرەتلىرىنى قارشى ئېلىشقا تەييارلىنىڭلار. ئىككىمىز بىرلىكتە يېتىپ بارىمىز» دېگەن مەزمۇندا مەكتۇب تەييارلاپ قويغانىكەن. ئۇنىڭغا ھەبىبۇللاخاننىڭ مۆھۈرىنى بېسىپ، ئەلچىلىرىدىن ئىلچى شەھىرىگە ئەۋەتىپتۇ. ھەبىبۇللاخاننىڭ ئىلچى شەھىرىدە قالغان مۈلكىي ۋە ھەربىي ئەمەلدارلىرى بۇنىڭغا ئىشىنىپ، مۇداپىئەنى بىكار قىپتۇ - دە، ئىككى خاننى كۈتۈۋېلىش تەييارلىقىغا كىرىشىپتۇ. نەتىجىدە ياقۇپبەگ قوشۇنلىرى بىر پاي ئوقمۇ ئاتماي شەھەرنى ئىشغال قىپتۇ ۋە ھەبىبۇللاخاننىڭ لەشكەرلىرىنى قورالسىزلاندۇرۇپ تارقىتىۋېتىپتۇ. خوتەنلىكلەر شۇ چاغدىلا ئاندىن ئالدانغانلىقىنى بىلىپ، ياقۇپبەگكە قارشى ئاتلىنىپتۇ. لېكىن ئۇلار تاياق - توقماق، ئارا - كەتمەنلەر بىلەنلا قوراللانغانىكەن. ياقۇپبەگ ئۇلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن باستۇرۇپ، 50 مىڭ كىشىنى قەتلە قىپتۇ. خەلقنىڭ يەنىلا بېسىقىشى يوق ئىكەن. شۇندىن كېيىن ياقۇپبەگ خوجا - ئىشانلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپتۇ. ئۇلار خەلققە: بەدۆلەتنىڭ مەقسىتى—

① «تارىخىي ھەممىدىيە» ئۇيغۇرچە نەشرى 362 - بەت. ② «تارىخىي ھەممىدىيە» ئۇيغۇرچە نەشرى 363 - بەت.

«پاششىم مازىرى» نى تاۋاپ قىلىش ئىمكەنلىكى، كىمنىڭكى ئۇنىڭغا تۇسالغۇلۇق قىلسا «كاپىر ئۆلۈمى» دە كېتىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەز ئېيتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يۇرت ئىچى ئاستا ـ ئاستا تىنجىپتۇ...

يۇقىرىدىكى پاجىئەلىك ۋەقەمۇ «پاششىم مازىرى» نىڭ خوتەن، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى ـ دىنىي كۆز قاراشلىرىدا قانچىلىك مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى روشەن ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

بىراق، بۇ مازار — راستىنلا ئىمام جەئفەر سادىقنىڭ ھەقىقىي قەبرىگاھىمۇ؟ ئۇ زادى قاچان بارلىققا كەلگەن؟ قاچاندىن بېرى مۇشۇنداق نام بىلەن ئاتىلىشقا باشلىغان؟ بۇ ئىشلار ھازىرچە پېقىرغا سىر. ئەمما بىز ئىمام جەئفەر سادىقتىن ئىبارەت بۇ تارىخىي شەخسنىڭ ھاياتىغا ئائىت بەزى مۇھىم ئىشلاردىن خەۋەردارمىز.

ئىمامى جەئفەر سادىق شىئە مەزھىپىدىكى ئەئەممە ئىمامىيە (12 ئىمام) ① نىڭ ئالتىنچى ئىمامى بولۇپ، مىلادى 702- يىلى مەدىنە شەھىرىدە تۇغۇلغان. ياش ۋاقتىدا دادىسى ئىمام مۇھەممەد باقىردىن تەپسىر ۋە ھەدىس قاتارلىق دىنىي بىلىملەرنى ئۆگەنگەن، شۇنداقلا خىمىيە، ئالگېبرا ۋە باشقا تەبىئىي پەنلەرنى ئۆگىنىپ «جەبر» (جەئفەر) دېگەن نام بىلەن شۆھرەت قازانغان. ئۇ قانائەت، تەقۋادارلىق ۋە ئەخلاقىي جەھەتتە ئۆز دەۋرىنىڭ داناسى ھېسابلانغان. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئەمىر ئەبۇمۇسلىم مىلادى 750- يىلى ئۇمەييە خەلىپىلىكىنى يوقىتىپ، ئابباسىيە خەلىپىلىكىنى قۇرغاندا جەئفەر سادىققا تۇنجى خەلىپىلىكنى تەكلىپ قىلغانىكەن، بىراق ئۇ قەتئىي رەت قىپتۇ. ئۇ مىلادى 765- يىلى مەدىنە شەھىرىدە ۋاپات بولۇپ، دادىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان. ئىماملىق ئورنىنى ئىككىنچى ئوغلى ئىمام مۇسا كازىم ئىگىلىگەن (بىرىنچى ئوغلى ئىسمائىل دادىسى ھايات چېغىدىلا ۋاپات بولۇپ كەتكەن).

جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ۋاقتى مىلادى 900- يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىلىگە، يەنى ساپ ئۇيغۇر دۆلىتى ھېسابلانغان قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى، نەۋرىلىرى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭدىن نەق ئىككى ئەسىر ئىلگىرى مەدىنىدە ۋاپات بولغان ئىمام جەئفەر سادىقنى خوتەن دىيارىدا ئىسلام ئۈچۈن غازات قىلىپ شېھىد بولغان دېگەن بۇ رىۋايەت قانداقمۇ تەسەۋۋۇرغا سىغسۇن!؟...

قۇياش غەربتىكى قۇم بارخانلىرى ئارقىسىغا مۆكۈشكە يۈزلەنگەندە سومە ئالدىدىكى تۇنجى دۇئا ـ تىلاۋەت تاماملاندى.

ئۇلار كەچتە ئاددىيلا غىزالاندى. ئاندىن شەيخنىڭ ھۇجرىسىغا بېرىپ، «ئىماملارنىڭ ئۇلۇغ غازاتلىرى» توغرىسىدا بىر پەس پاراڭلاشتى ـ دە، كېيىن مەسچىتتە خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇشتى.

سادىق ئاخۇن پولدا كەلگىچە ھارۋىدا يامپاشلاپ يېتىپ ئوبدانلا ئۇخلىۋالغانىدى.

— خوجام، سىلى يېتىپ ئارام ئالسىلا، — دېدى ئۇ ھۇجرىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، — مەن كېچىچە پاششىم ئالدىدا ئولتۇرۇپ دۇئا ـ تەكبىر قىلاي دەيمەن.

ھىدايىتۇللا سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، خىجىل بولغان تەلەپپۇزدا دېدى:

— مېنىڭمۇ شۇنداق نىيىتىم بار ئىدى، ئەمما ھېلىقى كېسەلنىڭ ئەسىراتى تېخى

① 12 ئىمام — ھەزرىتى ئەلى ۋە ئۇنىڭ بىۋاسىتە ئەۋلادلىرى بولۇپ، تەرتىپى مۇنداق: ئەلى، ئىمام ھەسەن، ئىمام ھۈسەيىن، ئىمام زەينۇل ئابىدىن، ئىمام مۇھەممەد باقىر، ئىمام جەئفەر سادىق، ئىمام مۇساكازىم، ئىمام ئەلى رىزا، ئىمام مۇھەممەد جۇۋاد-تەقى، ئىمام ئەلى ھادى ـ نەقى، ئىمام ھەسەن ئەسكەرى، ئىمام مۇھەممەد مەھدى.

تولۇق چىقىپ كەتمىگەن چېغى، يەنە قورسىقىم مۇجمىلى تۇردى. بىردەم پۇت - قولۇمنى سوزۇپ ئارام ئېلىۋالسام قويۇۋېتەرمىكىن، شۇ چاغدا يانلىرىغا چىقسام.

ئەتراپ تىمتاس ئىدى، توغراقلارمۇ، يۇلغۇنلارمۇ، قومۇشلارمۇ خۇددى قاتۇرۇپ قويغاندەك تىمىك تۇرۇشاتتى. تولۇنئاي ۋە ھېسابسىز يۇلتۇزلار قوشۇلۇپ، قۇملۇقتا كۈمۈش رەڭلىك لىباس ياپقانىدى. سالىملار، پاتمىچۇقلار سادىق ئاخۇنغا چەكچىيىپ قارىشاتتى. لېكىن سادىق ئاخۇن شۇ تاپتا تىلەك ۋە تۇۋا - ئىستىغپاردىن ئۆزگە جىمىكى نەرسىنى ئۇنتۇغانىدى، ھەتتا مەگزىنى بويلاپ ساقىپ چۈشۈۋاتقان كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈشنىمۇ ئويلىمايتتى.

ئادەملەر بىرەر ئېتىقادقا چىن ئىخلاسى بىلەن بېرىلگەن چاغلىرىدا ئۇنىڭ ئىچىدىلا ئاشۇ ئېتىقاد يولىدا نۇسرەتكە ئېرىشىشتىن ئۆزگە ئازراقمۇ غەيرىي خىياللارغا ئورۇن قالمايدۇ. قەلبى ھەر قانداق ساختا ۋە ئېزىقتۇرغۇچى ۋەسۋەسىلەردىن تامام خالىي بولىدۇ. شۇ تاپتا سادىق ئاخۇنمۇ دەل شۇنداق ھالەتكە غەرق بولغانىدى. ئۇ بەزىدە ئىچىدە پىچىرلاپ «ئايەت» ئوقۇيتتى. مۇنداق مىنۇتلاردا گەرچە «ئايەت» لەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىسىمۇ، ئۇ «خۇدانىڭ سۆزلىرى» بولغىنى ۋە ئۆزى شۇلارنى تەكرارلاۋاتقىنى ئۈچۈن ئۆزىنى تولىمۇ بەختلىك ھېسابلاپ، پاكلىق ۋە تەقۋادارلىق تۇيغۇسىغا چۆمەتتى. بەزىدە بولسا «ئايەت» ئوقۇشنى توختىتىپ، بۇرۇن ئۆتكۈزگەن ھەر خىل «گۇناھ» لىرىنى ئەسلەيتتى. مۇنداق چاغلاردا ئىختىيارسىز ھالدا ۋۇجۇدىنى بىر خىل قورقۇنچ چۇلغىۋالاتتى - دە، گويا سودىيە ئالدىدا ھەممىگە ئىقرار بولۇشقا مەجبۇر بولغان جىنايەتچىدەك «گۇناھ» لىرى توغرىسىدا ئۆزىنى ھېسابات بېرەتتى ۋە پات - پات يۈرەكنى ئەزگىدەك مىسكىن ئاۋازدا:

— ئى، ياراتقۇچى ئىگەم، مەندەك بىر پاسىق بەندەڭنىڭ بىلىپ - بىلمەي ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرىنى مەغپىرەت قىلغايسەن! — دەپ نالە قىلاتتى.

بىراق، ئىنسان بالىسى ئىچىدە بىرەر ئېتىقادقا چىن ئىخلاسى بىلەن بېرىلگۈچىلەر ھامان ئازچىلىقنى تەشكىل قىلسا كېرەك ۋە ئۇلارمۇ ھەممىشە ئوخشاش مەۋقەدە تۇرمىسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن. بەزىلەر ئومۇمەن بىرەر ئېتىقادقا تېۋىنىدۇ، شۇ ھەقتە قەسەملەرمۇ ئىچىدۇ، بىراق بەزىدە بىلىپ، بەزىدە بىلمىگەن ھالدا ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىدۇ. ئېتىقاد سوتى ھېساب بېرىشنى تەلەپ قىلغان چاغلاردا بەزىلىرى سەممىي ۋە بەزىلىرى ئىلاجىسىزلىق بىلەن ئەيىبلىرىنى ئىقرار قىلىدۇ، تۆۋە قىلىپ كەچۈرۈم سورايدۇ ۋە بەزىلىرى ساختىلىق بىلەن ئالداپ - سىلاپ ئۆتۈپمۇ كېتىدۇ. بەزىلىرى بەلكىم قايتا خىلاپلىق قىلىشنى تەكرارلىماس، ئەمما بەزىلىرى يەنە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈشتىن خالىي بولالمايدۇ. يەنە شۇنداق كىشىلەرمۇ باركى، ئۇلار ئېتىقادنى ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل خۇسۇسىي مۇددىئالىرى ئۈچۈن سۇيىئىستېمال قىلىۋالغان. چۈنكى ھەرقانداق ئېتىقادنىڭ بىر خىل كىشىلىك مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرىدىغانلىقى كىشىلەرگە ئايان. ئۇ، بەزىلەرگە ھوقۇق، ئىمتىياز ۋە شان - شەرەپ ئىنئام قىلىدۇ. ئەسلىدە ئۇ بىر خىل غايىۋى مەقسەت بولۇشى كېرەك ئىدى. بىراق بەزى كىشىلەر ئۇنىڭ يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ نەپسانىيەتچىلىكى ئۈچۈن بىر خىل ۋاسىتىگە ئايلاندۇرۇۋېلىشتى.

سادىق ئاخۇنمۇ ئېتىقاد قىلغۇچى، خىلاپلىق قىلغۇچى ۋە پۇرسەت كەلگەندە «گۇناھ»لىرىغا تۆۋە قىلغۇچى، ئەمما كېيىن يەنە سەۋەنلىكلىرىنى تەكرارلىغۇچىلار جۈملىسىگە تەۋە ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ «گۇناھى» شۇنچە

كۆرۈپمىدى؟ ئۇ ئاۋازسىز ھېسابسىز بىردەۋاقىتنى ئۈچۈن بۇ ھەققىدە بىزمۇ بىر نەرسە دېيەلمەيمىز. ئەمما بۇنىڭدىن تۆت يىل بۇرۇن ئىنايىتۇللاخوجا ئىشان ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «ئېيىنى ئادەمنىڭ ئاللاھ ئالدىدا ئۆتكۈزىدىغان گۇناھلىرى ھەددى-ھېسابسىزدۇر. بەلكى يەر يۈزىدە تۇغۇلۇش دېمەك — گۇناھ ئۆتكۈزۈشكە تۆرۈلۈش دېمەكتۇر» دەپ بىر قاتار «گۇناھ»لىق ئىشلارنى تىزىپ كۆرسىتىپ، بۇ ئالەمدە ئۇنىڭدىن پاكلىنىشنىڭ يوللىرىنى چۈشەندۈرگەندە، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى كۈچلۈك ۋەھىمە ئىگىلەپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن، چىرايىدا قان دىدارى قالماي قوللىرى تىترىگەنىدى.

ياز كېچىسى قىسقا بولىدۇ. سادىق ئاخۇن شۇ ئولتۇرغان پېتى تاكى سۈبھى كۆتۈرۈلگىچە ئورنىدىن قوزغالمىدى. بۇ ئارىدا شەيخ ئۈچ-تۆت قېتىم ھۇجرىدىن چىقىپ ئۇياق-بۇياقنى ئايلاندى، سادىق ئاخۇننىڭ يېنىغا كېلىپ تىز چۆكۈپ بىللە تىلاۋەت قىلدى. لېكىن بىزنىڭ تاۋابىچىمىز شۇنداق چاغلاردىمۇ دىققىتىنى چالغىتمىدى، ئۇيقۇ بولسا، بۈگۈن كېچە گويا ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي ئادا-جۇدا بولغاندەك ئىدى.

ئاخىرى شەرق تەرەپ سۈزۈلۈپ ئاقاردى. يېنىك، سالقىن شامال چىقىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا سادىق ئاخۇننىڭ پۈتۈن غەم-تەشۋىشلىرىمۇ، خۇددى ئاشۇ قاراڭغۇ تۈن ۋە دىمىق ھاۋا يورۇقلۇق ۋە سالقىنلىققا ئورۇن بەرگەندەك شادلىق ۋە كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن ئالماشقانىدى. ۋۇجۇدىدا ئېيىتقۇسىز بىر خىل يېنىكلىك سېزەتتى. چۈنكى ئۇ، ئەمدى يەتتىنچى قېتىملىق «پاششىم»زىيارىتىنى تاماملاپ «بىر ھەجلىك ساۋاب»نى قولغا كەلتۈرگەنىدى. مۇنداق ساۋابقا ئېرىشىش دېمەك-ئىلگىرىكى بارچە «گۇناھ»لاردىن بىر يولى پاكلىنىپ، خۇداغا تېخىمۇ يېقىنلىشىش دېمەكتۇر. مۇسۇلمان كىشى ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق ئامەت بولامدۇ؟!

ئاخىرى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېتەكلىرىگە يېپىشقان قۇملارنى قاقتى. يەنە قول كۆتۈرۈپ، ئۆرە تۇرغان پېتى بىر مىنۇتتەك دۇئا قىلغاندىن كېيىن، تاھارەت يەڭگۈشلەش ئۈچۈن ھۇجرا تەرەپكە ماڭدى. بۇ چاغدا ھىدايىتۇللامۇ ئورنىدىن تۇرغانىدى.

× × ×

ئۇلارنىڭ چۈشتىن كېيىنكى ۋاقتى يەنە دۇئا-تەلەپ بىلەن ئۆتتى. «تاھا» ۋە «ياسىن» سۈرىلىرىنى قىرائەت قىلىشتى. شەيخ سۇپە ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئادەت بويىچە ئىمامى جەئفەر سادىقنىڭ «مۇشۇ يۇرتلاردا ئىسلام ئېچىش» ئۈچۈن چەككەن رىيازەتلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلدى. بۇ رىۋايەتلەر بىزنىڭ تاۋابىچىلىرىمىزغا بۇرۇندىنلا مەلۇم بولسىمۇ، ئۇنى چوڭقۇر ھاياجان ئىلكىدە ئاڭلىدى، ھەتتا كۆز يېشىمۇ قىلىشتى.

ئاخىرقى دۇئادىن كېيىن شەيخ ئۇلارنى ئۆز ھۇجرىسىغا باشلاپ كەلدى، داستىخان سېلىپ قاتتىق-قۇرۇق نان ۋە بەدىيان بىلەن دەملەنگەن چاي كەلتۈردى. ئاندىن سۇيقاش ئېتىشكە تەرەددۇت قىلىۋېدى، ھىدايىتۇللا شاققىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇ ۋەزىپىنى ئۆزىگە بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى.

— ئاتىلار، مەن ياش ئادەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېچىچە ئارامخۇدا ئۇخلاپ تازا يېنىكلەپ قاپتىمەن، ئۆز قولۇم بىلەن غىزا ئېتىپ، ئىككىلىرىنى مېھمان قىلسام.

شەيخ مۇنداق تەكلىپلەرگە كۆنۈپ كەتكەن بولسا كېرەك، دەررۇ ماقۇل بولدى.

بىراق سادىق ئاخۇننىڭ بۇ ياش خوجامنى ئازراقمۇ جاپاغا قويغۇسى يوق ئىدى.

— خوجام، چاي ئىچسەكمۇ بولۇدىيا، ئاۋارە بولمىسىلا، — دېدى ئۇ ئوڭاي يولنى تاللاپ.

لېكىن، ھىدايىتۇللا ئۆز تەكلىپىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاخىرى ئۇنىمۇ قايىل قىلدى. دېگەن بىلەن ئۇنىڭ ھۈنىرى ھەر قانداق ئاشپەزلەرنىڭكىدىن قېلىشمايدىكەن، بەۋاپىلار ئۇ ئەتكەن ئاشنى راسا ماختاپ ئىچىشتى.

تاماقتىن كېيىن ھىدايىتۇللا ئەتە ناھىيە بازىرىغا قاتنايدىغان ھارۋا سۆزلىشىش ئۈچۈن «پاششىم» كەنتىگە قاراپ ماڭدى.

شەيخ سادىق ئاخۇننى مۇشۇ يەردىلا ئارام ئېلىشقا تەكلىپ قىلغانىدى. ئۇ بىر كېچە كۆز يۇمىغانلىقتىنمۇ، ياكى «تولۇق پاكلىنىپ» بارچە غەم - تەشۋىشلەردىن خالاس بولغانلىقتىنمۇ، ئەيتاۋۇر بېشىنى تەكىيىگە قويۇش بىلەنلا ئۇيقۇغا كەتتى. شەيخمۇ ھەر كۈنى چۈش مەزگىلىدە ئۇخلاپ ئادەتلەنگەنىدى، شۇڭا سادىق ئاخۇننىڭ يېنىغا يامپاشلىدى.

سادىق ئاخۇن ئويغانغاندا ھۆجرا ئىچىمۇ، پەنجىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان تالامۇ قاراڭغۇلۇققا چۆككەنىدى. شەيخ تېخىچە ئۇخلاۋاتاتتى. ھىدايىتۇللانىڭ بىرەر شەپىسىمۇ ئاڭلانمايتتى.

— ئەجەب قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتىمىزيا؟ — دېدى سادىق ئاخۇن ئۆز - ئۆزىگە سەل ھەيران بولغان ھالدا، — ئۈچ ۋاق نامازمۇ قازا بوپتۇ.

ئاندىن ئۇ سىرتقا چىقىپ سالقىنلاش نىيىتىدە ئىتتىكلا ئورنىدىن تۇردى. غەلىتە ئىش: ئۇ بايا بۇ يەرگە قانداق كەلگەن بولسا، شۇ پېتى ياتقان ئەمەسمىدى، بەلبېغىنى نېمىشقا يېشىلىپ كەتتىكىنە؟ تونىنىڭ پەشلىرىمۇ قايرىلىپ، قورسىقى ئېچىلىپ قاپتىغۇ؟

ئۇ ئىتتىككىلا بېلىنى سىلىۋېدى، ئۆزىگىلا مەلۇم بولغان بەلگىلەر قولىغا ئۇرۇلمىدى، مېڭىسىگە بىر كىم ئۇشتۇمتۇت مىخ قاققاندەك يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قالدى - يۇ، قانداقتۇر بىر خىل كۆپلۈك ئۈمىدىنىڭ تۈرتكىسىدە ياتقان يېرىنى ئىككى قولى بىلەن سىيپاشتۇردى، قولىغا ھېچنەرسە ئۇرۇلمىدى. يەكتەكنىڭ تۈرۈلۈپ قالغان يەرلىرىنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ قارىدى، يەنىلا يوق...

ئۇ، بىر مىنۇتتەك ھەتتا نەپەسمۇ ئالالماي قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئاندىن گويا ئۇشتۇمتۇت جان كىرگەندەك قاتتىق ۋارقىراپ كەتتى:

— ئوغرى! بولاڭچى!

شەيخ ئويغىنىپ تېزلا بېشىنى كۆتۈردى:

— نېمە دېدىلە؟

— پۇللىرىم ... مېنىڭ پۇللىرىم!

باش - ئايىغى قولاشمايدىغان بۇ سۆزلەردىن نېمىنىدۇ گۇمان قىلغان شەيخ چاچراپ دېگۈدەك ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغنى ياقتى. سادىق ئاخۇن بارغانسېرى ئەزۋەيلەپ نالە قىلاتتى، يۈزىنى كاچاتلاپ، ساقاللىرىنى يۇلاتتى. «بۇ ئادەم ئۇشتۇمتۇت ساراڭ بولۇپ قالدىمۇ نېمە؟» دەپ ئويلىدى شەيخ.

— قېرىندىشىم، سەل سەۋر قىلسىلا، مەن ھېچنەرسىنى ئاڭقىرالمىدىم. ئالدىرىماي دەپ بەرسىلە، نېمە ۋەقە سادىر بولدى ئۆزى؟

سادىق ئاخۇن شۇ چاغدىلا ئېسىگە كەلگەندەك بولدى - دە، يىغلاپ تۇرۇپ:

— پۇللىرىمنى بىر كىم ئوغرىلاپ كېتىپتۇ، — دېدى.

— پۇللىرى نەدە ئىدى؟

— مانا مۇشۇ يەردە ئىدى، خالتىنىڭ ئىچىگە تىكىپ، بېلىمگە يۆگەپ باغلىۋالغان.

كىشىلەر ئۇزۇل - كېسىل بەختسىزلىك يۈز بەرگەنلىكىنى تۇيۇپ تۇرسىمۇ، يەنىلا ئاللىقانداق ئۇمىدنىڭ تۆرتكىسىدە نىجادلىق يولىنى ئىزدىشىدۇ. شەيخ چىراغنى يېقىپ ئېلىپ كەلدى. ئىككىيلەن سۈپىنىڭ ھەممە يېرىگە سىنچىلاپ قاراشتى، تەكىيلەرنى ئورۇنىدىن يۆتكەشتى. گويا بىراۋ ئەتەي تىقىپ قويغان بولىسۇن دېگەندەك كىگىزنىمۇ قايرىپ قاراشتى، ئاندىن ئۆينىڭ ھەممە يېرىنى ھەتتا ھوجرىنىڭ سىرتى ۋە سۇپە يانلىرىغىچە ئاختۇرۇپ چىقىشتى. ئەمما ئۇلار ئىزدىگەن نەرسە ئاقتىمۇ - كۆكتىمۇ يوق ئىدى.

— ۋاي نائەھلى باۋلاكچى، ۋاي يۈزسىز ئوغرى! — ھەدەپ تىللايتتى سادىق ئاخۇن، — شۇنداق ئۇلۇغ مازار خوجامدىمۇ ئوغرىلىق قىلىشقا پېتىنغىنىنى ئۇ قارا يۈزنىڭ!

— قانچىلىك پۇل ئىدى؟

— ساپساق ئالتەمىڭ كوي ئىدى دېسىلە، — بۇ گەپ ئاغزىدىن چىقىشى بىلەنلا سادىق ئاخۇننىڭ نالىسى يەنىمۇ كۈچەيدى، — تۆت - بەش يىلدىن بۇيان ھەجگە بارىمەن دەپ يىغقانىدىم، ئەمدى قانداقمۇ قىلارىمەن؟! ھەي ئىمانسىز ئوغرى، ئىلاھىم ئۇلۇغ پاششىمنىڭ غايىب ئوقى تېگىپ ئۆلەرسەن! كۆرۈڭدىن توڭگۇز قوپار، ئىلاھىم! قولۇڭ تۇتماس، پۇتۇڭ باسماس، كۆزۈڭ كۆرمەس بولۇپ قالار! قورسىقىڭ يېرىلىپ كېتەر!...

سادىق ئاخۇن ئەمدى ئۆزى بىلمىدىغان بارلىق قارغىش سۆزلىرىنى گويا پىلىموتنىڭ ئوقىدەك ئۈزۈلدۈرمەي ئېتىشقا باشلىغانىدى. نېمە قىلىش، نېمە دېيىشنى بىلمەي گاڭگىراپ قالغان شەيخ ئۇنىڭغا پەقەت چوڭقۇر ئىچ ئاغرىتىش بىلەنلا قاراپ تۇراتتى.

— راست، ھىدايىتۇللا ئاخۇن كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — گويا ئۇشتۇمتۇت ئېسىگە ئالغاندەك سورىدى شەيخ.

بايا پۇل ئىزدەشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ھەر ئىككىلا بوۋاينىڭ ئۇ ھەقتە سۈرۈشتۈرۈشكە چولىسى تەگمىگەنىدى. يۇقىرىقى سوئال بىلەن تەڭ سادىق ئاخۇننىڭ دىققىتىمۇ دەرھال شۇنىڭغا بۇرالدى.

— بەلكى، ھارۋا تاپالماي كېچىكىپ قالدىمىكىن؟ — دېدى ئۇ سەل تۇرۇپ ئىككىلەنگەن ھالدا.

ئۇ، بۇ «مۇقەددەس يەر» گە ئوغرى كەلگەنلىكىگە ئىشەنگەن ئىدى-يۇ، لېكىن شەيختىن ئەسلا گۇمانلانمىغانىدى، ھىدايىتۇللا بولسا، ئۇنىڭ نەزەرىدە جەننەتتىكى ھۆرغىلمانلاردىنمۇ پاك ئىدى. شۇنداق ئۇلۇغ مازارنىڭ شەيخى بىلەن شۇنداق ئۇلۇغ خانىدانغا مەنسۇپ بولغان، ياش بولۇشىغا قارىماي تەقۋادارلىق مۇقامىغا يەتكەن، شۇنچىلىك كىچىك پېئىل ۋە كۆيۈمچان زاتتىن گۇمانلىنىش مۇمكىنمۇ، ئاخىر!

شەيخ ئاسمانغا قاراپ قويۇپ:

— ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئۆتۈپتۇ، ھىدايىتۇللا ئاخۇن كەنتتە قونۇپ قالمىغانلا بولسا، بۇ كەمگىچە نېمە بولسىمۇ يېتىپ كېلەتتى، — دېدى.

ئاق كۆڭۈللۈك — ئېسىل پەزىلەت، ئەلۋەتتە، لېكىن ئۇ ھەددىدىن ئارتۇق ساددىلىق بىلەن بىرلىشىپ كەتسە، كىشىنى كۆزى ئوچۇق قارىغۇ قىلىپمۇ قويىدۇ.

— يا يەنە كېسىلى قوزغىلىپ قالدىمىكىن؟ — سادىق ئاخۇن يەنىلا ھىدايىتۇللا ھەققىدە يامان ئويلاردا بولۇشنى خالىماي، ئىلاجى بار ئۇنى ئاقلاشقا تىرىشاتتى.

بۇ چاغدا سەرپۇش تۇماقنى شەپكىگە، توننى كاستۇمغا ئالماشتۇرۇشقا ئۈلگۈرگەن ھىدايىتۇللا چوڭ يولدىن ئەگىپ مېڭىپ نىيە بازىرىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ تومپىيىپ

قالغان بېلىنى يات- يات سىلاپ قوياتتى ۋە ئۆزىچە كۈلۈمسىرەيتتى. ئۇ، خوتەن شەھىرىدە سادىق ئاخۇننىڭ مەخپىيىتىدىن تاسادىپىي خەۋەردار بولۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىۋېلىش، ئەپلىك پۇرسەتنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئاز باش قاتۇردىمۇ، ئاخىرى؟! ئۇ ھەمراھىنىڭ بېلىگە چىگىلگەن پۇللارنى خۇددى ھەسەلدىن قىل سۇغۇرغاندەك تۇيدۇرماي ئېلىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى، بىراق «پاكلىنىش» يولىدا خۇددىنى يوقاتقاندەك كۆرۈنگەن بۇ قېرىمۇ پۇللىرىنى ساقلاش مەسىلىسىدە ھەرگىز بىخوتلۇق قىلمايدىكەن. ناۋادا ھىدايىتۇللانىڭ ئېسىگە دائىم يېنىدا ساقلاپ يۈرۈيدىغان مەستقىلىش دورىسىنىڭ تاماققا ئارىلاشتۇرۇپ بەرگىنىدە ئۆلۈكتەك ئۇخلىتىپ قويىدىغان خاسىيىتىنىڭ بارلىقى تاسادىپىي چۈشۈپ قالمىغىنىدا كىم بىلىدۇ، ئۇ مۇنداق پۇرسەتنى قولغا كەلتۈرەلەيتتىمۇ، يوق؟ كېيىن ئۇ «پاششىم» كەنتىگە بارمايلا ھوجرىغا قايتىپ سادىق ئاخۇننى خۇددى يۆگەلگەن بورىنى ئويان- بويان دومىلاتقاندەك ئۆرۈپ- چۆرۈپ پۇللارنى ئېلىۋاتقاندا ئۆزىنىڭ ئەقىل- پاراسىتى ۋە سەۋر- تاقىتىگە يەنە بىر قېتىم قايىل بولۇپ، ئىختىيارسىز ئىسقىرتىۋەتكەنىدى.

تاڭ ئاتتى.

يېرىم كېچىدىن بېرىقى گۇمانلىنىش، ئىككىلىنىش، يەنە گۇمانلىنىش نەتىجىسىدە ھەر ئىككىلا بوۋاي ئەمدى پۇلنى ھىدايىتۇللانىڭ ئېلىپ قاچقانلىقىغا ئىشەنگەنىدى. لېكىن ئۇلار يىراقتا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان «پاششىم» كەنتىگە بېرىپ كىشىلەرگە خەۋەر قىلىشنىمۇ، ئوغرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشنىمۇ، ھېچ بولمىغاندا كەنت تەشكىلىدىكى تېلېفون ئارقىلىق تېگىشلىك ئورۇنلارغا مەلۇم قىلىشنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرۈشمىدى، بەلكى ئۆزلىرىچە جازالاشنىڭ ئەللا «ئۇزۇن ئۆمۈرلۈك» ۋە «ئەللا دەھشەتلىك» چارىلىرىدىن بىرى بولغان «شاخ يېرىش» ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا تۇتۇندى. «شاخ يېرىش» دېگىنىمىز- بىرەر ئۇلۇغ مازارغا بېرىپ، توخۇ ياكى قوي ئۆلتۈرۈپ قۇربانلىق قىلىش ۋە مازاردىكى دەرەخ شاخلىرىنى يېرىپ سۇندۇرۇپ، مازاردىن جىنايەتچىگە ئەللا دەھشەتلىك ئۆلۈم تىلەشتىن ئىبارەت ئىدى. يەرلىك كىشىلەر بۇ ئۇسۇلغا كەمدىن- كەم، پەقەت مۇرەسسە قىلىشقا زادى ئورۇن قالمىغاندىلا مۇراجىئەت قىلىشاتتى ۋە جىنايەتچىنى چوقۇم ھالاك بولىدۇ، دەپ شەكسىز ئىشىنىشەتتى.

شەيخ ئۆزىگە دائىمىي ھەمراھ بولىدىغان توخۇلىرىدىن بىرىنىڭ مېھرىدىن كەچتى. ئۇلار سومە يېنىدىكى يولغۇننىڭ ياش، ئەمما خېلى يوغىنىغان بىر شېخىنى يېرىپ سۇندۇردى- دە، توخۇنى يېرىلغان يەرگە بوغۇزلىدى. شۇنىڭ بىلەن ھىدايىتۇللانىڭ قېنى ئاققۇزۇلغان ھېسابلاندى. ئاندىن ئىككى بوۋاي ھەم ئايەت ئوقۇپ، ھەم ئۈنلۈك شىكايەت قىلىپ، ئىمام جەئفەر سادىقتىن ئوغرى ھىدايىتۇللاغا ئۆلۈم تىلەشكە باشلىدى.

قارا كۆزەينەك تاقىۋالغان ھىدايىتۇللا نىيە بازىرىدا ھازىرلا ئۈرۈمچىگە ماڭىدىغان بىر شوپۇرغا سېخىيلىق بىلەن كىرا تۆلەپ كابىنكىغا ئولتۇرغان چاغدىمۇ بىچارە سادىق ئاخۇن تېخىچە سومە ئالدىدىن قوپمىغانىدى. لېكىن، ئۇ ئەمدى خۇدادىن ئۆز «گۇناھ»لىرى ئۈچۈن ئەپۇ سورىمايتتى، ئەكسىچە، تۈنۈگۈنكى چوقۇنغۇچىسى ھىدايىتۇللاغا ئۆلۈم تىلەيتتى.

—تۆۋە دېدىم، شۇنداق ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ ئەۋلادى بولغان ئادەمنىڭ قولىدىنمۇ مۇشۇنداق يامانلىق كېلىدىكەن- ھە؟!... ھەي يولدىن ئازغان مۇناپىق! ماڭىمۇ، ئۆزۈڭگىمۇ، ئۇلۇغ ئاتا- بوۋىلىرىڭغىمۇ قىلى-

دالىدا — دېدى ئۇ بىر چاغدا كۆڭلىدىكى ئەلەمنى باتۇرالماي. ئەمما دەل شۇ چاغدا قانداقتۇر بىر غايىب ئاۋاز ئۇنىڭ قۇلىقىغا نېمىنىدۇ پىچىرلىغاندەك بىر پەس جىم بولۇپ قالدى- دە، كېيىن يەنە بايىقىدىنمۇ ئۈنلۈكرەك ۋارقىرىۋەتتى، —ياق! ئۇ قارا يۈز يالغانچى مېنى گوللاپتۇ. ئۇ ئەسلا خوجىزادە ئەمەس، خوجاملار ئەھلى مۇسۇلمانلارغا زىيان يەتكۈزىدىغان مۇنداق گۇناھلىق ئىشلارنى قىلمايدۇ!

بىچارە تەرىقەتچى مۇرىت ئۆزى ئىخلاس قويغان خوجا-ئىشانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ «سۈتتىن ئاق، ھەسەلدىن پاك» ئىكەنلىكىگە قىلچە گۇمانلانمايتتى. ھىدايىتۇللا بوۋام دەپ شېپى كەلتۈرگەن ئاپپاق خوجىنىڭ شىزاڭدىكى بۇددا لاماسى— دالاي 5 كە باش ئۇرۇپ تاۋاب قىلغانلىقى ۋە ئۆزىگە ئوخشاش مىڭلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ياردەملىشىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى بولسا، بىلىشى مۇمكىنمۇ، ئاخىر.

سادىق ئاخۇن ھىدايىتۇللانى بىر ھازا قاغاپ بولغاندىن كېيىن ئاستا- ئاستا سەپەرگە چىقىشتىن بۇرۇن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بولغان تالاش- تارتىشنى ئەسلەپ، ئەمدى ئۇلار بىلەن قانداق يۈز كۆرۈشۈشنىڭ غېمىگە پاتتى.

مانا ئەمدى شۇ پۇللار خۇددى بەزىدە چۈشىدە كۆرگەن جەننەت نېمەتلىرىدەك بىردىنلا كۆزدىن يوقالدى. سادىق ئاخۇنمۇ ھىدايىتۇللا دېگەن قارا يۈزنىڭ بۇ كەمگىچە «پاشىشىم» نىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قان قۇسۇپ ئۆلگەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. ئەمما، ئۇ يولنىڭ قەيەرىدىدۇرەك ئۆلدىكىن؟ پۇل ھېلىمۇ يېنىدا ساق بارمىدۇ؟ ناۋادا ئۇنىڭغا تۇنجى ئۇچراشقان بىرەر ھارام نىيەتلىك يولۇچى ئېلىۋالغان بولسىچۇ؟...

بۇ خىيال ئېسىگە كېلىشى بىلەن سادىق ئاخۇن گويا يىلان چېقىۋالغاندەك سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ھايالىشماي ئۇدۇل نىيە بازىرىغا قاراپ يۈگۈرۈشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. بىراق، ئورنىدىن تۇرۇدىيۇ، كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، بېشى ئايلىنىپ يىقىلىپ چۈشتى.

ھەممىشەم ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ ھېسابلىغان ئىشلارنىلا قىلىشقا ئادەتلەنگەن كىشىلەر بەزىدە ئۆزلىرىنى بەختسىزلىكلەرنىڭ ماراپ تۇرغانلىقىنى ھېچقاچان ئېسىگە كەلتۈرۈشمەيدۇ. قاچانكى شۇنداق ئاقىۋەتكە دۇچ كەلگۈدەك بولسا، ئۇنىڭغا قارشى كۆرەش قىلىش تۇرماق، ھەتتا ئۆزىگە تەسەللىي بېرىشكىمۇ ئىقتىدارى يەتمەي، بورانىنىڭ قايىنىمىغا چۆكۈپ كېتىدۇ.

شۇ كۈندىن ھەپتە ئۆتۈپ، سادىق ئاخۇن نۆۋەتتىكى «پاكلانغۇچىلار» بىلەن خوتەن شەھىرىگە قايتىپ كەلگەن چېغىدا ئورۇقلاپ قەددى پۈكۈلۈپ، خۇددى ئالتە ئاي كېسەل ئازابى تارتقان كىشىدەك بولۇپ قالغانىدى. كۆزلىرى ئەمدى بۇرۇنقىدەك يالتىرىمايتتى، چاچلىرىنىڭ تەگدىن تولىسى ئاقىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بۇ سەپەردە ئېرىشكىنى شۇ بولدى. ياق ئۇلا ئەمەس، ئۇ «پاكلاندى»، «بىر ھەجلىك ساۋاب» قا ئېرىشىپ، ئىلگىرىكى جىمى «گۇناھ»لىرىدىنمۇ، كەلگۈسىدىكى رەسمىي ھاجىلىق سەپىرى ئۈچۈن تەييارلىغان توقماق- توقماق پۇللىرىدىنمۇ پاك- پاكىزە ئادا- جۇدا بولدى.

1988- يىل ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى




## كۆردۈم

ئۆمەر ئېمىن

ئەزىزلەپ، سەن ماڭا سۇنغان
گۈلۈڭنى بىباھا كۆردۈم،
قەدىرلەپ سۆيىمەن ئۇنى،
ئۆزۈمنى بىناۋا كۆردۈم.

بىلىپ يەتتىم ئەقىدەڭنى،
شۇ سوۋغاڭنىڭ بايانىدىن؛
ساداقەتتىن بۇ كۆڭلۈمدە،
ساڭا مەڭگۈ ۋاپا كۆردۈم.

ئۇلۇغۋار غايىمىز بىزنىڭ،
ۋەتەننى پۈركىمەك گۈلگە.
ئۇنىڭسىزكى: مۇھەببەتنى،
جاھاندا بىساپا كۆردۈم.

## يار گۈزەل

تۇرغان شاۋۇدۇن

گۈلنى گۈزەل كۆرسەتكەن،
چىمەندىكى خۇشپۇراق.
يارنى گۈزەل كۆرسەتكەن،
ئاڭا بولغان ئىشتىياق.

چېلىنماس راۋاب تارسىز،
ئۆتمەيدۇ ئۆمۈر يارسىز.
چىن ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ،
قىش كۆرمەس دىلى ھەرگىز.

بۇلبۇل خۇشال سايرايدۇ،
گۈل پەسلىگە يەتكەندە.
كۆڭۈل خۇشال يايرايدۇ،
يار ۋەسلىگە يەتكەندە.

## يارىم

ساتتار توختى

سەھەرنىڭ چولپىنى يارىم،
يۈرەكنىڭ گۈلخېنى يارىم.
ھاياتىم باغىنىڭ خۇشبۇي
ئېچىلغان رەيھىنى يارىم.

تۆكۈپ تەر چۆلنى باغ قىلدىڭ،
گۆھەر خامانى تاغ قىلدىڭ.
ئاتالدىڭ سەن ئانا يۇرتنىڭ
ئىجادكار دېھقىنى يارىم.

پىدايىڭ بوپ قېشىڭدا مەن،
بولۇپ ھەمدەم ئىشىڭدا مەن؛
ياشاپ ئۆتمەك سېنىڭ بىرلە،
يۈرەكنىڭ ئارمىنى يارىم.

## ئايدىڭ كېچە

ھېيتەم ھۈسەيىن

سېنى يارىم ئەسلىدىمەن ھېجران ئىچىدە،
سانىمىز يۇلتۇز پىلىدىرلىغان ئايدىڭ كېچىدە.

ئېسىڭدىمۇ شۇ ئاق كېچە؟ كۆكتە تولۇنئاي
گويا بىزنى مۇبارەكلەپ ئاچقان خۇشچىراي.

ئەشۇ ئاخشام ئايرىلماسقا ۋەدىلەشكەن بىز،
گۇۋاھ قىلىپ ئاي - يۇلتۇزنى ئەھدىلەشكەن بىز.

ماڭغىنىڭدا چېگراغا سەن، قالدىم ياش تۆكۈپ،
ساداقىتىم، پاك سۆيگۈمنى دىلىمغا پۈكۈپ.

يارىم بىزگە قۇچاق ئاچار ۋىسال چاغلىرى،
بىلمىمەيدۇ كېچىلەرنىڭ ئاتقان تاڭلىرى.

## ئالتۇن بۇلاق

ئابلەت ئابدۇللا

ئالتۇن بارمۇ تەكتىڭدە،
ئالتۇن بۇلاق، ئاي بۇلاق.
تاۋات بارمۇ تامچاڭدا،
شەربەت بۇلاق، بال بۇلاق.


سۈيۈك بىلەن ياشنايدۇ،
گۈزەل يۇرتۇم دالاسى.
ئەتراپىڭدا ياڭرايدۇ،
بۇلبۇل، كاككۇك ناۋاسى.

ئاققۇ قونغان بويۇڭغا،
زوقۇم بىلەن قارايمەن.
گۈلدار زىمىن قوينۇڭدا،
تامچاڭ بولۇپ ئاقايمەن.



كۈسەن ئۇسسۇلى «گۈل چاچقۇچى پەرى»

توختى ھەسەن فوتوسى



新疆文化（维吾尔文）

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى»

1988 - يىل 6 - سان 37 - يىل نەشرى

(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. تېلېفون نومۇرى: 28055. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى نەشر قىلدى. «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ. مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ. تاق ئايلارنىڭ 20 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ.

ژۇرنال نومۇرى: CN 65—1073/1 . ۋەكالەت نومۇرى: 22 — 58